مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال

مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال

شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

# ميراس

4

2013

美拉斯

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ياش خەتتات ئەرشىدىن رېشىت راشىد 1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوپنۇر ناھىيەسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 2007 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئىجادىيىتى 2000 - يىللىرىدىن باشلانغان بولۇپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ 40 پارچىغا يېقىن ئەسىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىگە تاللىنىپ مۇكاپاتلانغان ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئىشلىگەن خەتتاتلىق توپلام - قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن. 2008 - يىلدىن 2011 - يىلغىچە بىر تۈركۈم خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كورىيە، پاكىستان، قازاقىستان، سىنگاپور، تۈركىيە ۋە مالايسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان. 2010 - يىلى ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئۆگىنىش قوللانمىسى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2012 - يىلى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بىر يۈرۈش ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە ئەسەرلىرى كوۋزىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كۇئالالامپۇر، دۇبەي، ئىستانبۇل، بېرلىن، پارىژ ۋە نيۇيورك(ب د ت باش مەركىزى) قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان. ئۇ 2004 - يىلدىن 2007 - يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا 3 قېتىم ئۇيغۇر خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئاچقان، 2011 - يىلى نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىق خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان «نەۋايى غەزەللىرىدىن گۈلدەستە» ئۇيغۇر خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئاچقان. 2012 - يىلى 7 - ئايدا تۈركىيە ئىستانبۇل شەھىرىدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى خەت سەنئىتى» كۆرگەزمىسى ئاچقان. 2012 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان «لوپنۇرخەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئاچقان. 2012 - يىلى 2013 - يىللىرى تۈركىيەنىڭ خەلقئارالىق خەتتاتلىق تەتقىقات مەركەزلىرىدىن « يىلدىز» سارىيى، « IRCICA »، كاغىتخانە بېلەدىيەسى قاتارلىق ئورۇنلاردا مەخسۇس خەتتاتلىق زىيارىتىدە بولغان.








قوش ئايلىق ژۇرنال          2013 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 138 ـ سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۆلچەم قوراللىرى ۋە بىرلىكلىرى .........
........................................ ئىسرائىل مۇتەللا (1)

فولكلور نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ............... ئابدۇقەييۇم مىجىت (9)

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلار ......... تۇركزات ئابدۇبەسىر (61)


## مىراسلىرىمىز


ياقالەنگىرى بۇتخانا خارابىسى ................. مەتىمىن ئابلىز (7)

پېتىربۇرگ كۇتۇپخانىسىدىكى نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدە ... ئىلشات ئەيسا (43)


## يىمەكلىرىمىز


جىگدە دەرىخى ............................ ئابدۇكېرىم تۇردى (22)


## ئايدىڭ كېچىلەر


ۋاپادارلىق .................................. (27)


## ئادەت قىرىماس


كوسىراپىلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ... ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد (30)

ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش ئادەتلىرى ............ شەۋكەت ئىلاخۇن (46)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور،
دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى،
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(ئالىي مۇھەررىر، قانۇنىي ئىگە)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەن-
ئاي مەتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس»
ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جە-
نۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى
باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئى-
دارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى
مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە
كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: **mirasuyghur@126.com**
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


ئۇيغۇرچە ئېتىقاد ۋە قاراقوشۇنلۇق …… تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (52)

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدىكى ئەلچىلىك ئادىتى …… دىلبەر تەلئەت (69)


### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


ئوغرى …………………………… تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (40)


### دۇنيا مىراسى


خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) …………… مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (50)


### ۋەسىقىلەر


قەشقەر تېكىستلىرى ……… تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (74)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 138 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىزغىن سالام يوللايمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «مەھمۇد كاشغەرىي» ئابدۇكېرىم نەسرىدىن سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدىكى رەسىمنى ئابدۇغېنى ئىمام سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئىليار ئابلىمىت تەمىنلىگەن


Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园


社长，总编：
阿扎提·苏里坦
教授，博导
副社长，副总编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
主管：新疆维吾尔自治区文学
艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好
南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：
ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65_1130/I
Print number abroad: ISSN1004_3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۆلچەم قوراللىرى ۋە بىرلىكلىرى

ئىسرائىل مۇتىللا

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ دىۋان دەپلا ئاتىلىدۇ) ئۆزىدىكى مول تارىخىي ئۇچۇرلار ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىدىن خەۋەر بەرگۈچى قامۇس بولۇپ، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدىكى ئىنچىكە خاتىرىلەر شۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالنى بايان قىلغۇچى بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان نەرسە ياكى مەلۇم قىممەتتىكى بۇيۇملارمۇ بار بولۇپ، بۇ خىل بۇيۇملار گەرچە شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسلىق پۇل ياكى باشقا ئۆلچەم بىرلىكلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان. شۇنداقلا ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ، بۇ بۇيۇملارنىڭ مەلۇم دائىرىدە، مەلۇم رايون ياكى قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىدا ئوينىغان رولى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان. بۇ بىرلىكلەرنىڭ بەزىسى بۈگۈنكى كۈندىكى بىر قىسىم بىرلىكلەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، مەلۇم كونكرېت، ئېنىق سانلىق قىممەتكە ئىگە، بىر قىسمى بولسا ئېنىق سانلىق قىممەت ياكى كونكرېتنى ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس. پەقەت شۇ دەۋردە تەخمىنىي ئىپادە ئارقىلىق، مەلۇم مەقسەت ياكى قاراشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. «دىۋان»دا، بۇ خىل مەلۇماتلارنىڭ تەكرار تىلغا ئېلىنىشى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان جۈملىلەردە ھەر خىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىپ كېلىشىدىن بۇ ئاتالغۇ، بىرلىكلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەل ئارىسىدىكى ئومۇملىشىش دەرىجىسىنىڭ تولىمۇ يۇقىرىلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە چېتىلىدىغان ئاتالغۇلار ئىچىدە بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلار بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇشىدىن سىرت يەنە بىر قىسىم ئاتالغۇلار بىزگە ناتونۇش، ئەمما شۇ ناتونۇش ئاتالغۇلار بىلەن ئوخشاش مەنىگە، ئەمما ئوخشىمىغان ئاتىلىشقا ئىگە ئاتالمىلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز. دېمەك، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان، ھازىر قوللىنىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئائىت ئاتالغۇلار بۈگۈنكى كۈندە تىلىمىزدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئائىت باشقا تىللاردىن كىرگەن يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا قوللىنىش ۋە يېڭىلاش جەھەتتە مەلۇم ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. شۇ مەقسەت بىلەن بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ خىل ئاتالغۇلار توغرىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان پېشقەدەملەر ۋە ئۇستازلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، يەنە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق. مەزكۇر ماقالىدە، پەقەت «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەر قوللانغان ئۆلچەم ئاتالمىلىرىنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلىپ، بۇ بىرلىك، ئاتالمىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، بىلدۈرگەن مەنىسى، شۇ دەۋر جەمئىيىتىدىكى رولى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## قېلىپ ــ شەكىل

«دىۋان»دا شۇ دەۋردە ھەر خىل لازىمەتلىك بۇيۇملارنى ياساش جەريانىدا ئىشلىتىلگەن، ياسىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ ئۆلچەم، قېلىپلىرى توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم بايانلار تىلغا ئېلىنغان. مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتلىك، كۆركەم چىقىشى ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ قېلىپى ياكى ئۆلچىمى بەك مۇھىم. قېلىپ مەھسۇلات ياكى ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ تۇراقلىق بولۇشى، كۆرۈنۈشىنىڭ چىرايلىقلىقى جەھەتتە مۇھىم ھالقا بولغان. قېلىپ ئىشلىتىلمەيدىغان، ئەمما تىكلىش ياكى ياسىلىشتا مەلۇم ئۆلچەم تەلەپ قىلىدىغان بەزى بۇيۇملارغا يەنىلا ئۆلچەمنىڭ ئوينايدىغان رولى ئالاھىدە بولۇپ، مەلۇم ئۆلچەم بولغاندىلا، ئاندىن ياسىلىدىغان نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك چىقىدۇ. «دىۋان»دا بىر قىسىم نەرسە ياكى بۇيۇملارنىڭ قېلىپ، ئۆلچىمى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلار بېرىلگەن. بۇ خىل مەلۇماتلار ھەممىلا نەرسىنىڭ ياسىلىشىغا مىسال بولۇپ كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئاز ساندىكى بايانلار يەنە باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنمىغان قېلىپ، ئۆلچەملىرىنىڭ بارلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. مەسىلەن، «كەپ. كېپىت، قېلىپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېلىپى» ①. بۇ بايان دەل ھەممىلا نەرسىنىڭ قېلىپىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلغان. «دىۋان»دا قېلىپلار قاتارىدا، قىلىچ، پىچاقنىڭ قېلىپى (غىلاپ)، يا باشقى، پۇلنىڭ قېلىپى، شۇنداقلا ھەرقانداق كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئۆلچىمى تىلغا ئېلىنغان. تۆۋەندە بۇ بايانلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. «قىن، پىچاق ۋە قىلىچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قىنى، قىلىچ قىنى»② دېگەن بايان قىلىچنىڭ، شۇنداقلا قىلىچ غىلىپىنىڭ ئۆلچەم ئاساسىدا سوقۇلۇپ، تەكلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «قۇغۇش. ئوقنى سىلىقلاش ۋە تەكشىلەش (بىر خىل ئۆلچەمگە كەلتۈرۈش) ئەسۋابى» ③. «دىۋان»دا، يا ئوقىنىڭ ياسىلىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان قېلىپ، يەنى قۇغۇش توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ دەۋردە ئاساسلىق ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ بىرى بولغان ئوقيا توغرىسىدا «دىۋان»دا نۇرغۇن مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەلۇماتلار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنى، شۇنداقلا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بۇ خىل قورالنىڭ ئوينايدىغان رولىنى چۈشەندۈرۈپ كەلگەن. شۇ قاتاردا تىلغا ئېلىنغان قۇغۇش دېگەن يا ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ، يا ئوقلىرىنىڭ ياسىلىش جەريانى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە كېلىشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۆلچەملىك يا ئوقلىرى ئېتىلىش مۇساپىسىنىڭ يىراقلىقى، دەل تېگىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇرۇش ۋە ئوۋ ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەب ياسىلىدىغان يا ئوقلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى ناھايىتى ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ماتېرىياللار ياخشى تاللانغاندىن كېيىن يا ياساش باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ جەرياندا يا ئوقىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇھىم، ئاندىن قالسا تەكشى كېسىلگەن ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش يا ئوقى ماتېرىياللىرىنى سىلىق قىلىپ تەكشىلەشمۇ مۇھىم، بۇ ئارقىلىق ئوقنىڭ تېز مېڭىشىغا، قېيىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، قۇغۇش دېگەن ئەسۋاب دەل يا ئوقىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئۆلچەپ كېسىشتە ۋە ئەگرى ماتېرىياللارنى

تۈزلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى ۋە ئەسۋابىدۇر. بۇ خىل ئەسۋاب يەنە سەڭگى (نەيزە) ياساشتىمۇ قوللىنىلىدىغانلىقى ئېنىق. ھېچ بولمىسا نەيزە ياساشتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەسۋابنىڭ بارلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. «دىۋان»دا، تۇرق. تەق تۇرق، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بىر سۈنگۈ تۇرقى — بىر نەيزە بويى، بىر نەيزە ئۇزۇنلۇقىدا. «يەر ئەنى تۇرقى — يەرنىڭ ئېنى ۋە بويى» ④. بۇ دەل بىر نەيزە بويى ئۇزۇنلۇقىدىكى نەرسە دېيىش ئارقىلىق نەيزىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمدە ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەن. بۇ نەيزىلەرمۇ خۇددى يا ئوقىغا ئوخشاش تەرتىپ ۋە ئۆلچەم قېلىپتا ياسىلىشى مۇقەررەر.

«دىۋان»دا يەنە بۆك ياكى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پەچىمى توغرىسىدىمۇ مەلۇم ئۆلچەم ياكى بىرلىككە كەلگەن قائىدە، قېلىپلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەسىلەن، «ياڭ. ئەندىزە قېلىپ ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىچىمى. بۆرك ياڭى، بۆك ئەندىزىسى، بۇ مۇنداق بولىدۇ. قەغەز قانات شەكلىدە ياكى ئۈچ بۇرجەك قېلىپ كېسىلىدۇ، ياكى ئويۇلىدۇ، ياكى لايدىن يۇملاق تونۇر شەكلىدە بىر قېلىپ ياسىلىدۇ. بۆكنىڭ يىپەك رەختى شۇنىڭغا ئۆلچىنىپ كېسىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېلىپىمۇ شۇنداق» ⑤ دېگەن بايانىدىن ئالدى بىلەن ھەرقانداق ياسىلىدىغان نەرسىنىڭ قېلىپى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ياڭ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئاندىن قالسا ئالدى بىلەن بۆك، يەنى باش كىيىمنىڭ قېلىپىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقى، ئاندىن قالسا بۆكنىڭ ياسىلىش جەريانى ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولىمىز. شۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ كىيىمنى تىكىدىغان مەخسۇس ئۇستىكارلار كۆلەملەشكەن بولۇپ، نەپىس، كۆركەم كىيىملەر ئۇستىكارلارنىڭ قولىدىن چىقىشقان. «دىۋان»دا، بۇ توغرىسىدا «قارشاغ، كىيىمنىڭ ئۆلچىمى، غىرىچى. ئانىڭ قارشاغى كۆر — ئۇنىڭ تونىنىڭ ئۆلچىمىنى كۆر» ⑥ دېگەن بايان بىر كىيىم تىكىدىغان ئۇستىكارنىڭ ئۆلچەم ئارقىلىق كىيىم پىچىپ تىكىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. «تاۋار تۇرقا. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: تاۋغاچ خانىنىڭ تۇرقىسى تەلىم تەڭلە مەزىپ پىچماس — تاۋغاچ خانىنىڭ تۇرقىسى تولا، ئۆلچەمەي پىچماس» ⑦ دېگەن بايانىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئۆلچەم، قېلىپلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ۋە مۇھىم روللارنى ئۆتەپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، «دىۋان»دا، ياسىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قېلىپ، ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى بايانلار بەكمۇ ئاز، ئەمما ھەر خىل بىرلىكلەر، مەسىلەن، پۇل، ئېغىرلىق بىرلىكلىرى توغرىسىدىكى بايانلار كۆپ. دېمەك شۇ دەۋردە ئىنتايىن نازۇك بولغان، ئېغىرلىق ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بۇيۇملىرىنىڭ ياسىلىشىدىكى ئۆلچىمى، قېلىپى، پۇللارنىڭ قۇيۇلۇش، ئۆلچىنىش تەرتىپى ۋە ئۆلچىمىمۇ مەۋجۇت.

## ئۇزۇنلۇق ئۆلچەملىرى

«دىۋان»دا، ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار. بۇ ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆرسىتىدىغان ئارىلىقى ئېنىق، بېكىتىلگەن ئۆلچەممۇ تۇراقلىق سانلىق قىممەتكە ئىگە. ئاساسلىقى ھاكىمىيەتنىڭ يوللار ياكى يەرلەرنى ئۆلچەشتە تايىنىدىغان ياكى سودا، ئىلىم - ئېرىمدە ئۆلچەشنى ئاساس قىلىدىغان تاۋارلارغا ئىشلىتىدىغان، پۈتۈن ھاكىمىيەتتە ئىناۋەتلىك بىرلىك بولۇپلا قالماستىن يەنە قوشنا خانلىقلاردىمۇ ئىشلىتىلىدىغان شۇنداقلا بېكىتىۋېتىلگەن بىرلىكلەردۇر. بۇ بىرلىكلەرنىڭ بىر قىسمى سىرتقى جايلاردىن تارقىلىپ كىرىپ ئىشلىتىلسە يەنە بىر قىسمى سىرتقى جايلارغا تارقىلىپ ئىشلىتىلگەن. بۇنداق بىرلىكلەر خانلىقنىڭ چېگراسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن يوق
بولۇپ، پەرقلىق يېرى ھەرقايسى ئەللەر شۇ خىل بىرلىك-
لەرگە بەرگەن نامى ئوخشىمايدۇ خالاش. «دىۋان»دا بۇ
خىل بىرلىكلەرنىڭ كۆپى تۈركى تىلدا بېرىلگەن، پەقەت
كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چىن ياكى ئەرەب
دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى قوشۇپ قويغان.

## ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى

يول، ئارىلىق ئۆلچەيدىغان بىرلىكلەر.

شۇ دەۋرلەردە ھەرقايسى شەھەر، قىشلاق ۋە
سىرتقى مەملىكەتلەر ئارا بېرىش-كېلىش قىلىدىغان، سودا،
ئالاقە، قاتناش ئىشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس يول، لىنىيەلەر
بار بولۇپ، بۇ يوللار توغرىسىدا «ئەشكىن. ئۇزۇن يولمۇ
‹ئەشكىن› دېيىلىدۇ. تېز يۈرۈيدىغان ئاتلىق پوچتىنى
‹ئەشكىنچى› دېيىشمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن» [8] دېگەن
مەلۇماتتىن ئۇزۇن مۇساپىلەرنىڭ «ئەشكىن» دەپ ئاتىلى-
دىغانلىقىدىن خەۋەردار بولىمىز. بۇ مۇساپىلەرنى
ئۆلچەش، شۇنداقلا مەلۇم ئارىلىق يوللارغا مۇساپە بەلگى-
سىنى ئورنىتىش ئۈچۈن مەلۇم بىرلىكلەر قوللىنىلغان.
«دىۋان»دا مەلۇم ئارىلىقنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان،
بىرلىكلەردىن «يىغاچ» تىلغا ئېلىنغان. بۇ بىرلىككە بېرىل-
گەن تەبىرگە قارىغاندا، ئۇ «ئەشكىن- ئۇزاق يول»لار-
نى، چەكسىز كەتكەن يەرلەرنى ئۆلچەشتە قوللىنىل-
غان. « Yigaq . يىغاچ. ئاغاچ (كونا يول ئۆلچىمى)
پەرسەخ. بىر يىغاچ يەر. بىر پەرسەخ يەر» [9]. «يىغاچ»
ئاتالغۇسىنىڭ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يول ئۆلچە-
مى بىرلىكى ئىكەنلىكى، كېيىن بۇ نامنىڭ ئورنىنى ئەرەب-
چە پەرسەخ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئالغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەي-
مىز. «دىۋان»دا، بۇ ئاتالغۇنىڭ زادى قانچىلىك ئارىلىق-
نى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ئەمما
ئۇنىڭ پەرسەخ بىلەن تەڭداش ئىكەنلىكىگە قاراپ،
پەرسەخ بىلدۈرىدىغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بىلەن ئوخشاش-
لىقىنى بىلەلەيمىز.

## يەر (ئېتىز) ئۆلچەيدىغان بىرلىكلەر

شۇ دەۋردە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ
تۈۋرۈكى بولغان دېھقانچىلىق توغرىسىدا «دىۋان»دا
نۇرغۇن مەلۇماتلار بار. دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەرگە
بولغان ئىگىدارچىلىق ئىشلىرىدا تولىمۇ ئىنچىكە، ئېنىق
بولغان ئايرىش ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم
بولغان. شۇنداقلا يەر ئۆلچەشتە بىرلىككە كەلگەن
ئۆلچەش قورالىمۇ يەرنى ئېلىپ-سېتىش ئىشلىرىدا مۇھىم
روللارنى ئوينىغان. «‹تىلگە، بىر تىلگە ئەت ــ بىر تىلىم
گۆش› ئۇزۇنغا كېسىلگەن ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ. ئۇزۇنغا بۆلۈنگەن بىر پارچە يەرمۇ ‹بىر تىلگە
يەر› دېيىلىدۇ» [10] دېگەن بايان دەل ئۆلچەش ئارقىلىق
ئايرىلغان يەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلغۇچى باياند-
دىن ئىبارەت. بۇنداق يەرلەرنىڭ ئۆلچىنىشى ھەققىدە
يەنە «تۇرق. تەق - تۇرق، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇزۇن-
لۇقى، بىر سۇنگۇ تۇرقى ــ بىر نەيزە بويى، بىر نەيزە
ئۇزۇنلۇقىدا، يەر ئەنى تۇرقى - يەرنىڭ ئېنى ۋە بويى»
[11]، لايەتىزلىك. كەڭلىك، بىر نەرسىنىڭ ئېنى، كەڭلىكى»
[12] بۇ يەردىكى «يەتىزلىك» ئاتالغۇسى بىر قەدەر ئېنىق
مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ كەڭلىكىنى
بىلدۈرۈشكە، جۈملىدىن ئېتىزنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالىدىن
خەۋەر بېرىپ كېلىدۇ.

«دىۋان»دا، يەر ئۆلچەشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب
ھەققىدە « kari . قارى. بوز ئۆلچەيدىغان گەز. جەينەك-
تىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىققا باراۋەر» [13]. بۇ
خىل ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ يەر ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىغانلىقى
ھەققىدە بولسا، « kari ladi. قارىلادى. گەزلىدى. ئول
يەرىگ قارىلادى ــ ئۇ يەنى ئۆلچىدى» [14] دېگەن
مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەلگەن. بۇ خىل قولنىڭ ئۇ-
چىدىن بىلەككىچە بولغان ئۇزۇنلۇقنى بىلدۈرىدىغان
«قارى، قەرى» ئاتالغۇسىدىن ئېلىنىپ ۋە مۇشۇنداق ئۇ-
زۇنلۇقنى بىرلىك قىلىپ ياسالغان مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى
مۇقىم بىر خىل ئەسۋاب بار بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى
يۇقىرىقى «يەر قارىلادىپ» دېگەن مەلۇمات دەل ئېنىق
سانلىق مەلۇماتقا ئىگە ئەسۋاب ئارقىلىق يەر ئۆلچەشنى
ۋە ئارىلىق بەلگىلەشنى بىلدۈرىدۇ. «دىۋان»دا بۇ ئاتالغۇ
كۆپرەك يەر ۋە يىپەك رەختلەرنى ئۆلچەشكە مىسال
بولۇپ كېلىدۇ. يەر ۋە يىپەكلەرنى ئۆلچەش خاتالىق
پەرقى ئىنتايىن كىچىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش
بولغاچقا، ئېنىق بولغان سانلىق مەلۇماتقا ئىگە ئەسۋابنى
تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالمۇ «قارى. قەرى»نىڭ مۇقىم
ئۇزۇنلۇقنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب ئىكەنلىكىنى يەنە بىر
قەدەم ئىلگىرى سۈرىدۇ. «دىۋان»دا «قەرى»نىڭ ئۇ-
زۇنلۇق بىرلىكى ۋە شۇ نامدا مەلۇم ئەسۋابنىڭ بارلىقىنى

بىلدۈرىدىغان قوشاقمۇ بار. «ئۆزىن ئۆگنۈپ ئۈرۈپلەدى،
يىراق يەرىگ قارىلادى. ئاتىغ قامشىپ ئۈرۈپلەدى، ئۆلۈت
بولۇپ تۆپى ئاغدى (ئۆزىنى ماختاپ كۆرەڭلىدى، يىراق
يەرنى گەزلەپ كەلدى، ئاتنى دېۋىتىپ ھۆررا سالدى،
رەسۋا بولۇپ تۆپە ئاشتى)»⑮. مەزكۇر باياندا تىلغا ئې-
لىنغان «يىراق يەرىگە قارىلادى» دېگەن بايانىڭ «دى-
ۋان»دىكى يەشمىسى «يەرنىڭ تاناۋىنى تارتىدىغان-
دەك...» دېگەن ئىبارە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەيۋە بىلەن
كەلگەن بىر كىشىنىڭ ھالىتىنى بايان قىلىپ بەرگەن. بىز
يۇقىرىقى بايانى يەنە بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ زېمىنىغا
بېسىپ كېلىپ يەرلىرىنى ئۆلچىگەن ھالەتتە قىياس قىلىشقى-
مۇ تامامەن بولىدۇ.

**ئېگىزلىك، چوڭقۇرلۇقنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار**

«دىۋان»دا يەنە مەلۇم ئېگىزلىك ياكى چوڭقۇرلۇق-
نى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار بار. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بەزىسى
مەلۇم ئېگىزلىكنىڭ نامى بولۇپ كەلسە، يەنە بەزىسى ئې-
گىزلىك، جۈملىدىن قۇرۇلۇشلاردا، شۇنداقلا دەريا-ئېقىن-
لارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن بىرلىكلەرنىڭ نامى بولۇپ
كەلگەن. «ئەزىز. ئېگىز. ھەر نەرسىنىڭ ئېگىزى»⑯
دېگەن مەلۇمات ئۆز نۆۋىتىدە ئېگىز دەرەخ ۋە تاغلار-
نىڭ ھەيۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولغان. يەنە بەزى ئې-
گىزلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەر بىر قەدەر پەس قىر
ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن.
«ئاغىم. بىرئاغىم يەر — بىر ئاتلاپلا ئۆتكىلى بو-
لىدىغان يەر⑰ دېگەن بايانمۇ يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ
جۈملىسىدىندۇر. بۇلاردىن باشقا مۇشۇنداق ئېگىزلىكلەر-
نى ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب ياكى ئاتالغۇلارمۇ
بار، ئەمما بۇ خىل بايانلار «دىۋان»دا بىر قەدەر ئاز.
«دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ خىل ئۆلچەشتە
نەيزە ئۇزۇنلۇقى ۋە ئادەمنىڭ بويى بىرلىك قىلىنغان.
«تۇرق. تەق-تۇرق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى.
بويى. بىر نەيزە بويى. يەرنىڭ ئېنى ۋە بويى» (11-
ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) بىلەن، تۇرۇم. بويلام. ئادەم
بويى كېلىدىغان ئېگىزلىك ياكى چوڭقۇرلۇق ئۆلچىمى. بىر
ئەر تۇرۇمى سۇ (چوڭقۇرلۇقى) ئادەم بويى كېلىدىغان
سۇ، باشقىلاردىمۇ شۇنداق»⑱ دېيىلگەن بايان دەل بىنا
ئۆي سېلىشتا ۋە سۇ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن
بىرلىكلەردۇر. «تۇرۇملادى بويلىدى. ئول سۇۋۇغ تۇ-
رۇملادى — ئۇ سۇنى بويلىدى، يەنى سۇنىڭ چوڭقۇر-
لۇقىنى بويى بىلەن ئۆلچىدى»⑲ مەلۇماتى ئارقىلىق،
مەلۇم بىر زۆرۈرىيەت ئاستىدا سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى
ئۆلچەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ كەلگەن.

**يىپەك ۋە رەخت ئۆلچەيدىغان بىرلىكلەر**

يۇقىرىدا يول، ئارىلىق ئۆلچەيدىغان بىرلىكلەر ماۋ-
زۇسىدا نىسبەتەن ئۇزۇن بىرلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ
ئۆتتۇق. شۇ دەۋردە، يەنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىل-
دىغان، تۇزۇلۇش جەھەتتە بىر قەدەر نازۇك، ئىنچىكە،
شۇنداقلا قىسقا بولغان بىرلىكلەرمۇ بولغان. بۇ خىل بىرلىك
ياكى ئۆلچەم ئاتالغۇلىرى كۆپرەك رەختلەر بىلەن باغلىنىپ
كەلگەن. «ئەن. بىر نەرسىنىڭ ئېنى بۇ بوز ئەنى قانچە —
بۇ بوزنىڭ ئېنى قانچىلىك؟»⑳ دېگەن سوئال بايان
رەختلەرنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىغان بىرلىكلەرنى بايان قى-
لىشىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى بولالايدۇ. «دىۋان»دىكى مە-
سالىلارغا قارىغاندا، شۇ دەۋردە مەخسۇسلاشقان، مەلۇم
نەرسىگىلا ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم ئۆلچەم بىرلىكلىرى
مەۋجۇت. بۇ بىرلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئادەمنىڭ قولى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەملەرنىڭ قول، بارماق،
غېرىچ، غۇلاچلىرىدىن ئېلىنىپ شۇ ناملاردىكى بىر قىسىم
ئۆلچەم ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغان. مەسىلەن، «قارىش»،
«چىغ»، «قارى، قەرى»، «قۇلاچ» قاتارلىقلار. «دى-
ۋان»دا بۇ خىل بىرلىكلەر توغرىسىدا، «چىغ. تۇركلەر-
نىڭ گەز ئۆلچىمى. بۇ ئەرەب گېزىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى-
گە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆچمەنلەر بوز
ئۆلچەيدۇ»㉑. بىز بۇنىڭدىن بۇ ئۆلچەم بىرلىكنى
كۆپرەك قىردالادا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ئىشلىتىدىغانلىقى-
نى، بۇ خىل ئۆلچەم بىرلىكنىڭ شۇ خىلدىكى بىرلىكلەر-
دىن بىرى بولغان ئەرەبلەرنىڭ «گەز» دېيىلىدىغان
ئۆلچەم بىرلىكىدىن مەلۇم نىسبەت پەرقلىنىدىغانلىقى
مەلۇم. «دىۋان»دا يەنە «چىغلاتتى. گەزلەتتى. ئول بۆز
چىغلاتتى — ئۇ بۆز گەزلەتتى. يەنى ئۇ تۈرك گېزى بىلەن
بۆز گەزلەتتى. تۈرك گىزى باشقا گەزنىڭ ئۈچتىن ئىككى
ھەسسىسىگە باراۋەر»㉒. مەزكۇر بايانىدىن «چىغ» ئۇ-
زۇنلۇق بىرلىكىنىڭ تۈركلەرگە خاس بىرلىك ئىكەنلىكىنى
بىلگىلى بولىدۇ، چۈنكى يۇقىرىقى مىساللارغا قارىغاندا ئۇ
ئالدى بىلەن ئەرەب گىزىدىن پەرقلىنىدۇ، ئاندىن تۈرك

www.uyghurkitap.com



گىزى دەپ ئەسكەرتىلىدۇ. ئىككىنچى مىسالدىكى «چىغەلەتتى. گەزلەتتى. ئۇ تۇرك گىزى بىلەن يىپەك گەزلەتتى» دېگەن باياندا كۆچمەنلەرنىڭ «چېغ» بىلەن بوز ئۆلچىشىدىن پەرقلىق يىپەك ئۆلچىنىپ، يەنە بۇنىڭ كۆچمەنلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي شەھەر ـ بازارلاردىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئىشلىتىدىغانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دا «چېغ» بىلەن ئوخشاش يەنە بىر رەخت ئۆلچەيدىغان بىرلىك تىلغا ئېلىنغان. ئۇ بولسىمۇ «قارى، قەرى»، «دىۋان»دا بۇ توغرىسىدا، «قارى، بىلەك. جەينەكتىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىققا باراۋەر. بوز ئۆلچەيدىغان گەز» (13 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش). «دىۋان»دا بۇ خىل ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ يەنە يەر ئۆلچەشكە ئىشلىتىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «قارىش. غېرىچ. بىر قارىش ــ بىر غېرىچ» (1 ـ توم، 478 ـ بەت) دېگەن مەلۇمات بىلەن بىللە يەنە، «قارىشلادى. غىرىشلىدى. ئۇ يىپەك غىرىچلىدى»㉓ دېگەن مەلۇماتمۇ ئادەم غىرىچىنىڭمۇ مۇشۇ مەندە كېلىپ، رەخت ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم. «دىۋان» دا يەنە «سۇن» دېيىلىدىغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكىنىڭ بارلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ خىل ئۆلچەمنىڭ كونكرېت نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. سۇن، سۇن ئالتۇن. نۇكچا ئالتۇن. بۇ بىر بارماقتىن بىر گەزگىچە ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ»㉔ دېگىنىگە قاراپ بۇنىڭمۇ بىر خىل ئۆلچەملىكى ئاياندۇر. يىپەك ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ ئىچىدە يەنە غۇلاچمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان. «قۇلاچ. غۇلاچ. بۇنىڭ ئەسلى ‹قول ئاچ ــ قولنى ئاچ› دېگەن بولىدۇ. بىر قۇلاچ بارچىن ــ بىر غۇلاچ تاۋار»㉕ ئاتالغۇسىغا قارىغاندا غۇلاچتىن ئېلىنىپ ئىشلىتىلگەن بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى بار. چۈنكى يۇقىرىقى بايان ئادەمنىڭ غۇلچىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئادەملەرنىڭ تەن قۇرۇلمىسى، بويىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ غۇلچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ئوخشىمايدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئادەم غۇلچى ئارقىلىق يىپەك ئۆلچىسە ۋە سودا قىلسا مەلۇم بىر تەرەپنىڭ زىيان تارتىپ قېلىشى ئېنىق. شۇڭا غۇلاچتىن ئېلىنغان، مەلۇم سانلىق قىممەتكە ئىگە ئۇزۇنلۇق ئەسۋابى مەۋجۇت.

ئىزاھاتلار:


① ، ⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 165 ـ ، 494 ـ بەتلەر.

② ، ③ ، ④ ، ⑥ ، ⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 442 ـ ، 479 ـ ، 454 ـ ، 606 ـ ، 556 ـ بەتلەر.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 147 ـ بەت.

⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 9 ـ ، 504 ـ بەتلەر.

⑩ ، ⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، 1 ـ توم، 559 ـ ، 454 ـ بەتلەر.

⑫ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 70 ـ بەت.

⑬ ، ⑭ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 308 ـ ، 441 ـ بەتلەر.

⑮ ، ⑯ ، ⑰ ، ⑱ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 406 ـ ، 165 ـ ، 103 ـ ، 515 ـ بەتلەر.

⑲ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ بەشرى، 3 ـ توم، 467 ـ بەت.

⑳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل. ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 68 ـ بەت.

㉑ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 177 ـ بەت.

㉒ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى. 2 ـ توم، 505 ـ بەت.

㉓ ، ㉔ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل. ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 458 ـ ، 189 ـ بەتلەر.

㉕ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل. ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 465 ـ بەت.


(ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)



# ياقالەنگرى بۇتخانا خارابىسى

مەتتمىن ئابلىز

ياقالەنگرى بۇتخانا خارابىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەسى لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كېرىيە ناھىيە بازىرىنىچە بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ياقالەنگرى بۇتخانا خارابىسىنى 2009 - يىلى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭ تەكشۈرۈشتە، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت ئەترىتى يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرى ئارقىلىق تۇنجى بايقاپ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. 2011 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىپ ئېلان قىلغان.

بۇ خارابە چوڭ - كىچىك قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرغان قومۇشلۇق، يۇلغۇنلۇق جاڭگالغا تارقالغان بولۇپ، بۇتخانا بۇ خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان، ئومۇمىي دائىرىسى 5000 كۋادرات مېتىر.

2012 - يىلى 3 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ بېشىغىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى تەخمىنەن 1000 كۋادرات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مېتىردىن ئارتۇق يەرنى دەسلەپكى قەدەمدە قېزىپ تەك-
شۈردى. قېزىش جەريانىدا بۇتخانىنىڭ ئاھادە تېمى ۋە
☐ شەكىللىك ئاساسى تېمى بايقالدى. بۇتخانىنىڭ ئاھادە
تېمى ئوچاق شەكلىدە بولۇپ، بۇ بۇتخانىنىڭ مۇھاپىزەت
قىلىش تېمى ئىكەن، مۇھاپىزەت تېمىنىڭ جەنۇب تەرىپى
يوق بولۇپ، بۇتخانا ئىچى سېغىزدا كۆتۈرۈپ قاتۇرۇپ
هويلىسى ياسالغان بولۇپ، كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇ-
قى 16 مېتىر. شىمالىي تەرەپ تېمى كېيىن ئوغرىلىرى تە-
رىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن. بۇت سۇپىسى كۆك سېغىز بىلەن
قاتۇرۇلغان بولۇپ، بۇت سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن
80-90 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. تۆت ئەتراپىنى گەجدە ئاقار-
تىپ ئون سانتىمېتىر كەڭلىكتە يەتتە-سەككىز سانتىمېتىر
ئېگىزلىكتە قىلىپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا پەلەمپەي چە-
قىرىپ، بۇ سۇپىنى بېغىررەڭ بىلەن سىرلىغان. بۇت سۇپى-
سى ئۈستىگە بۇت قويغان. بۇت ئىچىنى سېغىز لاي بىلەن
ياساپ، سىرتقى يۈزىنى گەج بىلەن قاتۇرۇپ، ئالتۇن
هەل بەرگەن، بۇتنىڭ قالدۇق پارچىلىرى تېپىلدى، بۇت
ئاللىبۇرۇن كېيىن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن.

بۇتخانا قوش كارىدورلۇق كىۋادرات شەكلىدە
بولۇپ، تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىلا تېمىغا بۇددا رەسىملىرى
سىزىلغان. بۇتخانىنىڭ ئۈستىنى توغراق ياغىچى بىلەن
ياپقان بولۇپ، ياغاچلار سېسىپ كەتكەن. بۇتخانا دەرۋا-
زىسى جەنۇب تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كىرىش
ئېغىزى تۆۋەندىن يۇقىرىغا، بۇتخانىنىڭ ئومۇمىي تېمىنىڭ
ئۈستۈنكى تەڭ يېرىمى 2011-يىلى 5-ئايدا كېيىن ئوغ-
رىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇتخانىنىڭ تې-
مىنىڭ ئاستىنقى قىسمى ساقلىنىپ قالغان. بۇتخانىنىڭ ئو-
مۇمىي تېمى سېغىز لاي بىلەن قوپۇرۇلغان، تامغا بۇددا رە-
سىملىرى قىزىل، قارا، كەرەشنىۋاي، ئاق قاتارلىق ئاسا-
سىي رەڭلەر بىلەن سىزىلغان ۋە بېزەلگەن. غەرب،
شىمال، شەرق تەرىپىدىكى تاملاردا مۇدەنگۈللۈك نەقىش-
لەر، گۈل غۇنچىسى، قۇياشنىڭ رەسىمى، چەمبەرسىمان
سىزىلغان ناۋا نەقىش يىلان سۈرىتى بار. رەسىملەرنىڭ
بەل ئاستى قىسمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئادەم سۈرەت-
لىرىنىڭ ھەممىسى چېتىنى كېرىپ تۇرغان، پۇت بارماقلى-
رى تۈز شەكلىدە يانغا كېرىپ تۇرغان ھالىتى سىزىلغان.
ئادەم سۈرەتلىرى يالاڭئاياغ ھالەتتە سىزىلغان بولۇپ، پۇ-
تىنىڭ سوڭدىن پۇت بارمىقىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئەترا-
پىنى ھىلال شەكلىدىكى ناۋا نەقىش بىلەن بېزەلگەن، بۇت-
خانىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تېمىدىن بەش دانە بۇددا
ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ بەل پۇت قىسمى، كىچىك بالىنىڭ
بۇددا رەسىمىنىڭ باش قىسمى، شەرق تەرەپتىن بىر ئا-
دەمنىڭ پۇت قىسمى چىققان. بۇ قېزىپ تەكشۈرۈش جەر-
يانىدا بىر دانە جگدە يوپۇرمىقى شەكلىدە ياسىلىپ نە-
قىشلەنگەن 23 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ پارچىسى،
تۆت دانە مىس پۇل، بىر دانە يۇمىلاق شارسىمان ھىلال
ئاي شەكلىدىكى سىزىقچىلار ئويۇلۇپ بېزەلگەن گۈللۈك
ياغاچ، جەنۇب غەرب تەرىپىدىكى بۇرجەكتىن نۇرغۇنلى-
غان ھايۋانات سۆڭەكلىرى، ساپال كوزا، ساپال پارچىلىرى
قېزىۋېلىندى. قېزىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇتخانىنىڭ
غەرب جەنۇب بۇرجىكىدىن يەنە ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ
تېمى بايقىلىپ، تۆت دانە تۈۋرۈك ياغاچىنىڭ ئاستى قىسمى
چىقتى. بۇ ئۆيلەرنى مۇتەخەسسىسلەر بۇتخانىنىڭ ئاشخانى-
سى ۋە قونالغۇسى دەپ پەرەز قىلماقتا. بۇتخانىنىڭ
پۈتۈن تام هويلا ئەترابى ئاستى كۆك سېغىز لاي بىلەن
قاتۇرۇلغان. بۇ بۇتخانىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان ساپال
پارچىلىرى، تاش پارچىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، بۇت-
خانا ئەتراپىدا ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلە-
رى، كوزا خۇمدىنى ئىزى، قوتانلارنىڭ ئىزى ساقلانغان.
ھازىر ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قە-
دەمدە بۇ بۇتخانىنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن (1600-1800)
يىلغىچە تارىختا ئىگە دەپ بېكىتتى. بۇ بۇتخانا قەدىمي
يىپەك يولىنىڭ كېرىيەدىن خوتەنگە بارىدىغان يول بويىغا
جايلاشقان بولۇپ، يول بويىدا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئا-
ھالىلەر ۋە كارۋانلار، يولۇچىلار بۇ بۇتخانىدا سەپىرنىڭ
ئوڭۇشلۇق بولۇش ئۈچۈن ئىبادەت ۋە تاۋاپ قىلغان
دەپ قارالماقتا. ھازىرقى يەرلىك ئاھالىلەر ۋە قويچىلار-
نىڭ ئېيتىشچە، يەتتە-سەككىز يىللار ئىلگىرى بۇتخانا
ئەتراپىدا قىرىپ كەتكەن توغراقلارنىڭ بارلىقنى، ھازىر
توغراقلارنى كىشلەرنىڭ ئوتۇن قىلىپ بولغانلىقنى، شۇڭ-
داقلا بۇ يەردىن مىس پۇل، مارجان، كوزا قاتارلىقلارنى
تېپىۋالغانلىقى مەلۇم. بۇ ياقالەنگىرى بۇتخانا خارابىسنى
قېزىش خوتەننىڭ بۇددا مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھازىر بۇ خارابە ناھىيە تەرى-
پىدىن قوغدالماقتا.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باش-
قۇرۇش ئورنىدىن)



# فولكلور نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى

ئۆزلەشتۈرگۈچى: **ئابدۇقەييۇم مىجىت**

فولكلور ئىلمى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇستەقىل بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا پەنلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس نەزەرىيەۋى ئېقىملارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ نەزەرىيەۋى ئېقىملار فولكلور تەتقىقاتى ئەمەلىيىتى جەريانىدا، مەنتىقى، ئابستراكت پىكىر قىلىش يولى بىلەن فولكلورىستىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى ئاساسلاپ، قانۇن-قائىدىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، فولكلور ئىلمىنىڭ مەخسۇسلىشىشى، سىستېمىلىشىشى، نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى، مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بۇ نەزەرىيەۋى ئېقىملارنىڭ ئاساسلىق ئىدىيە، كۆز قاراشلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى مىللىي فولكلورىمىزنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتىدە مۇۋاپىق تەتبىقلىغاندىلا، ئاندىن فولكلور ھادىسىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يېشىپ چۈشەندۈرۈشكە، تەتقىقاتنىڭ ئىلمىي سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. فولكلور تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق نەزەرىيە تىپلىرى ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدىن كۆپ مۇرەككەپ، شۇنداق ئىكەن، ھەر بىر فولكلور تەتقىقاتچىسى ئۈچۈن فولكلور ئىلمىنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيەلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئەقەللىي تەلەپتۇر.

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى

www.uyghurkitap.com





ياۋروپا ناھايىتى كەسكىن تارىخىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدە تۇراتتى. بۇ مەزگىللەردە، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىش، فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرەشلىرى ئەڭ ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، كۈرەشنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئارقا-ئارقىدىن بىر-بىرلەپ مىللىي دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىللەردە، مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى ھازىرقى زامان مىللەتشۇناسلىقىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. فولكلور ئىلمىمۇ ئېتنوگرافىيەگە ئەگىشىپلا مەيدانغا كەلدى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن فولكلور ئىلمى رەسمىي پەن سۈپىتىدە ئىلىم ساھەسىدە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشلىدى. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىي مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى، ياۋروپادا شەكىللەنگەن مىللەتچىلىك ئىدىيەسى فولكلور ئىلمىنىڭ گۈللىنىشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئىدىيە جەھەتتە مىللەتچىلىك، مەرىپەتچىلىك تەشەببۇس قىلغان شەپقەتسىزلەرچە ئىدراكچىلىق (راتسىئونالىزم)قا قارشى تۇراتتى. ئۇ قىزغىنلىق ۋە ئىقتىدارنىڭ ئەقىل - ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلارنىڭچە، شەخس ۋە مىللەتنىڭ ھەقىقىي روھىي دۇنياسى ھېس - تۇيغۇلۇق، تەبىئىي، ئىشەنچلىك بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ئۆزلۈكىدە چىڭ تۇرۇشىدا، ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە قەدىر-قىممىتىنى ھىمايە قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايتتى. مېتود جەھەتتە، مىللەتچىلىك ئىشنى ئانا تىلىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۆرپ-ئادەتلەرنى توپلاش، تەتقىق قىلىشتىن باشلاشنى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتالمىش «نوپۇزلۇق مەدەنىيىتى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى، مىللىي مەدەنىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي كىملىك قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا فولكلور ئۇلارنى ماتېرىيال ۋە ئىدىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى فولكلور نەزەرىيەسى رومانتىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى يادرولۇق ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەتچىلىك دىنىي ئىسلاھاتتىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى دۇنياسى ۋە قوغلىشىدىغان ئۈلگىسى قىلغان بولۇپ، «ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتىش» قىزغىنلىقى كىشىلەرنى خەلق ئارىسىغا كىرىپ، ئاۋام سەنئىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مۇزىكا، فولكلور ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا، مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسىنى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىزدەشكە ئۈندىدى. مىللەتچىلەرنىڭ قارىشىدا خەلق ناخشىلىرى، قوشاقلار، فانتازىيەلىك ھېكايىلەر، ئەپسانە - رىۋايەتلەر، داستانلار مىللىي روھنى پەرۋىش قىلىشنىڭ ئاساسلىرى دەپ قارالدى. فولكلور بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مىللەتچىلىك ئېقىمىدىكى يادرولۇق شەخس گېرمانىيەلىك ھېردېر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسى پۈتكۈل ياۋروپا رومانتىك مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، خەلق ئەنئەنىسىگە بولغان ئۈزلۈكسىز چۈشىنىش، فولكلور تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولغان. شۇ قاتاردا فىنلاندىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىمۇ فولكلور ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكە بولغان. مىلادى 12-ئەسىردىن 19-ئەسىرلەرگىچە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. 18-ئەسىرگە كەلگەندە، فىنلاندىيەلىكلەرنىڭ مىللىي ئېڭى تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى قوزغالغان ۋە تەتقىق قىلغانسېرى فىنلار بىلەن شۋېتلارنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىغان ھەمدە شۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ۋەتەن ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن فىنلاردا شۋېتسىيە پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىش خاھىشى كۈچىيىشكە باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ۋەتەنپەرۋەر زات د. يۇسلېنيۇس (D.Juslenius) خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، قىسسە - ھېكايەتلەردىن پايدىلىنىپ، مىللەتنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان، ۋەتەن ۋە خەلقنى مەدھىيەلىگەن ھەمدە فىنلارغا ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخى ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتى بار خەلق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشقا، مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. فىنلاندىيە مىللەتچىلىرى فىن تىلى مەسىلىسىنى مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ يادروسى ۋە بەلگىسى قىلغان. تۆۋەندە فولكلور ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان نەزەرىيەۋى ئېقىملاردىن نىسبەتەن تېپىكرەك بولغانلىرىدىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرىمىز:

### 1. مەنبە تەتقىقاتى

فولكلور مەنبە تەتقىقاتى 19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى باشلانغان بولۇپ، فولكلور ئىلمىنىڭ نەزەرىيە تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق ئېقىملاردىن ماكس مۇللېر (Max Muller) ۋەكىللىكىدىكى قۇياش ئەپسانىسى ئېقىمى؛ ئېدۋارد تەيلور (Edward B.Taylor) ۋەكىللىكىدىكى ئىنسانشۇناسلىق («تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛ كرون ئاتا-بالا (J.Krohn &. Krohn) ۋەكىللىكىدىكى فىنلاندىيە ئېقىمى ۋە تارىخ-جۇغراپىيە ئېقىمى ياكى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئەپسانە-مۇراسىم ئېقىمى ... قاتارلىقلار بار.

#### 1) قۇياش ئەپسانىسى ئېقىمى

بۇ ئېقىم ئاساسلىقى بىر تىل سىستېمىسىدىكى تىللار ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ماكس مۇللېر قەدىمكى ھىندىستاندىكى براخما دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمىي شېئىرلار توپلىمى «ۋېدا» ① نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا «ۋېدا»دىكى ئىلاھلارنىڭ ئىسىملىرىدىن ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. مەسىلەن، قەدىمكى گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى زېئۇس (Zeus)، قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى يۇپىتېر (Jupiter)، شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى تېر (Tyr) قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئىزنالىرىنى «ۋېدا»دىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يىپ ئۇچى ئاساسىدا فولكلورشۇناسلار، بۇ قەدىمكى گىرېتسىيە، يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى، ئېھتىمال، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلاردا ياشىغان ئارىيانلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تۇتىشىشى مۇمكىن دەپ قارىدى.

سۆزلۈك قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، «زېئۇس، يۇپىتېر، تېر» دېگەن ئىسىملار «ۋېدا»دىكى «دىيائۇس» (Dyaus) دېگەن سۆز بىلەن تومۇرداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قۇياش بىلەن ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پېتىشى قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇللېر مۇنداق بىر داڭلىق تەڭلىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

Dyaus=Zeus=Jupiter=Tyr

ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ۋېدا»دا ئىشلىتىلگەن تىلنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، مۇللېر قەدىمكى ئارىيانلار ھېچقانداق ئەپسانە ئىجاد قىلمىغان، ئۇلار پەقەت ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئوبرازلاشقان سۆزلەر بىلەن قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پېتىشى، يۇلتۇز، ئاي، شامال، يامغۇر ۋە چاقماق قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلىگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەزى سۆزلەر تەدرىجىي كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، كىشىلەر قەدىمكى ئارىيانلار خاتىرىلىگەن نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپلىمە ياكى خاتا ھالدا بۇ يېزىقلارنى قەدىمكى ئارىيانلار ئىجاد قىلغان دەپ چۈشىنىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەر ئۆزىنىڭ مول تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، ئارىيانلارنىڭ بۇ تەبىئىي ھادىسىلەرگە قارىتىلغان تەسۋىرلەشلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، نۇرغۇن ئەپسانىلەر ۋە ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلغان. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئەپسانە — «تىلدىكى كېسەللىك» بولۇپ، ئۇنى كېيىنكىلەر قەدىمكىلەرگە تاڭغان. مەسىلەن، ئەپسانىۋى ھېكايىلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان ئۆلۈش ۋە تىرىلىش مۇتىفى قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىشىغا تەققاسلانغان. زىددىيەت قايتىلانما ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشتىن كېلىپ چىققان دەپ قارىغان. مۇللېرنىڭ بۇ نەزەرىيەسى بىر مەھەل بازار تاپقان بولسىمۇ، پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى بىراقلا ئىنكار قىلىدىغان بۇنداق نەزەرىيەگە قارىتا گۇمانىي نەزەردە قارىدى ۋە ئىنكار قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قەدىمكى ئىنسانلارمۇ ھازىرقى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا مول تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەپسانىلەر بەلگىلىك دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئەپسانىلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىنى ئىنكار قىلىش — مەلۇم مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئىنكار قىلغان بىلەن ئوخشاش. شۇڭا كىشىلەر بۇ خىل كۆز قاراشتىن ئاللىقاچان ۋاز كەچتى. ئەمما مۇللېرنىڭ تىل بىلەن ئەپسانىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە ئەپسانىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تىل نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش تەشەببۇسى كېيىنچە كىشىلەرنىڭ يېڭى تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە يېڭى نەزەرىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە قوزغىتىش رولى بولدى.

**2) تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمى**

دارۋىننىڭ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ياۋروپا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى. شۇنىڭ تەسىرىدە ئىنسانشۇناسلىق بىر يېڭى سۈپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنداقلا ناھايىتى زور بىر ئېقىم شەكىللەندۈردى. بۇ ئېقىم «ئىنسانشۇناسلىق ئېقىمى» ياكى «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمى» دەپ ئاتالدى. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمدىكىلەر ئۆزىنىڭ دىققەت ـ نەزەرىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگەن: بىرى، غەيرىي غەرب جەمئىيەتلىرىدىكى ئىپتىدائىي مىللىي مەدەنىيەت، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى. يەنە بىرى، غەرب ئەللىرىدىكى دېھقانلار ساقلاپ قالغان قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە مەدەنىيەت ساقىندىلىرى. 1871ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئىنسانشۇناس ئېدۋارد تەيلورنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنى ئىنسانشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەردە، ئىنسانلار مەدەنىيىتى رەسمىي يوسۇندا بىر يېڭى سۈپەتتە تەتقىق قىلىندى. ئىنسانشۇناسلىق ئېقىمدىكىلەر ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى خۇددى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىغا ئوخشاش ياۋايىلىق دەۋرى، يېرىم مەدەنىيەتلىك دەۋرى ۋە مەدەنىيەتلىك دەۋرى قاتارلىق تەدرىجىي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراشلار ئاساسىدا تەيلور «قالدۇق نەزەرىيەسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى قەدىمكى جەمئىيەتتىن «قېپقالغان نەرسە» لەردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم بۇ قېپقالغان نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك، دەپ قارىدى. تەيلورنىڭ قارىشىچە، ياۋروپالىقلار ئاللىقاچان مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلاردا «قالدۇق نەرسە»لەر قالمىدى. شۇڭا كىشىلەر تا بۈگۈنگىچە ياۋايىلىق دەۋرى ۋە يېرىم مەدەنىيەتلىك دەۋردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ «ساقىندىلىرى»نى ئىزدىشى كېرەك ئىدى. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمدىكىلەر مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرى، پسىخىك بىردەكلىك تەلىماتى، يەنى ئىنسانلار پسىخىك قۇرۇلما جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە. يەنە بىرى، «كۆپ مەنبە نەزەرىيەسى» قارىشى. ئىنسانلار ياشىغان ماددىي مۇھىتمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشىغان خەلقلەر ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئىختىرا قىلىدۇ. گەرچە ئىلغارلىق ياكى قالاقلىق جەھەتتە تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار قەدەممۇ قەدەم تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كېيىنكى باسقۇچقا بارىدۇ. شۇڭا ئاشۇ «قالاق مىللەت ۋە مەدەنىيەت»لەر بىزنىڭ مەدەنىيەتلىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانشۇناسلىق ئېقىمدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ۋارۋارلىق (ياۋايىلىق) دەۋرىدىكى ئەپسانىلەر تەدرىجىي چېكىنىپ، يېرىم مەدەنىيەتلىك مەزگىلىدىكى خەلق ھېكايە، رىۋايەتلىرىگە ئايلانغان. مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئەپسانىلەرنىڭ قالدۇقى ھېسابلانغان خەلق ھېكايە، رىۋايەتلىرىمۇ يوقالدى. خۇددى تەيلور ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا ئېيتقىنىدەك، «نۆۋەتتە، ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق ھالىتىدىن ئىبارەت. ھازىرقى ياۋايى قەبىلە، قوۋملارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيەسى ئىپتىدائىي ھالەتتىن يىراق بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس، ئەپسانىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى خېلى روشەن ساقلىنىپ قالغان. ئەمما يېرىم مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى ھەقىقىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن بولسۇن، ياكى مىراسلارغا بولغان قىيالماسلىقتىن بولسۇن، ھەممىسى ئادەملەر ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقان، دەيدىغان كۆز قاراش ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنماقتا». ② قەدىمكى ئەپسانىلەر، يازغۇچىلارنىڭ مۇكەممەل ۋە كۆچلۈك ئىدىيەلىرى بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىققان ئەپسانە مىراسلىرى

ئارقىلىق، بىز ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى-
نىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ۋارىسچانلىقنى بايقىيالايمىز.
ئومۇمەن، نۇرغۇن فولكلورىستىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى
ئىنسانشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇھىم ماتېرى-
يال مەنبەسى ھېسابلانغان. ۋاقىت ئۆتىشىدىن قارىغاندا،
ئىنسانشۇناسلىق بىلەن فولكلورنى قوشكېزەك پەنلەر دې-
يىشكە بولىدۇ. فولكلور ئىلمى شەكىللىنىشىنىڭ ئەڭ دەس-
لەپكى باسقۇچىدا نەزەرىيەۋى سىستېما جەھەتتىن بولسۇن
ياكى تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى تەتقى-
قات مېتودى جەھەتتىن بولسۇن، ئىنسانشۇناسلىقتىكى
كلاسسىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنىڭ چوڭقۇر
تەسىرىگە ئۇچرىغان. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى
فولكلور ئىلمىدىكى مەنبە تەتقىقاتى بىلەن بىۋاستە مۇناس-
ۋەتلىك بولۇپ، مەنبە تەتقىقاتى ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەت-
نى ئىپتىدائىي، تەبىئىي ۋە ئەپسانىۋى، دەپ قارايدۇ.
دەسلەپكى مەزگىللەردىكى فولكلور تەتقىقاتىنىڭ گەۋدىلىك
ساھەسى ئەپسانە بولۇپ، ئەپسانە ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ
مەنبەسىنى ئىنقلاش مۇمكىن دەپ قارالغان.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى
ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە مېتودى زەرب-
گە ئۇچرىدى. چۈنكى پسىخىك قۇرۇلما ۋە ماددىي
مۇھىت مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى-
دىكى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. بىر مىللەت-
نىڭ مەدەنىيتى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. يۇقىرىقى
ئىككى خىل ئامىلدىن سىرت، دىن، پەلسەپە، ئەخلاق، ئې-
تىكا، قىممەت قاراش قاتارلىق ئامىللارنىڭمۇ مەدەنىيەتنىڭ
پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيىتى بار.
ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ — مەيلى
سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت بولسۇن، مەيلى شۇ مىللەت-
نىڭ ئۆز مەدەنىيتى بولسۇن، مەدەنىيەت ماتېرىياللىرىنى
تاللىشى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھالىتى بىردەك تەرەققىيات
جەريانىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا تۇرمايدۇ. مەسلەن،
ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ھازىرقى ئافرىقا ياكى ياۋ-
روپا يەرلىكلىرىنىڭكىدەك بولغان بولۇشى ناتايىن. شۇڭا
ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئوخشاش
باسقۇچلارغا بۆلۈشكە بولمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى-
مۇ بەلگىلىك تەرتىپتە بولمايدۇ. مەسلەن، ئانىلىق ئۇرۇق-
داشلىق چوقۇم ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقتىن بۇرۇن پەيدا
بولغان، قالايمىقان نىكاھ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي ھا-
دىسە، توپ نىكاھ ئومۇملاشقان نىكاھ شەكلى، جەمەت
ئۇرۇقتىن كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى دەپ جەزملەش-
تۈرۈش، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش توغرا ئەمەس.

ئىنسانشۇناسلىقتا ياكى فولكلور ئىلمىدە، ئومۇمەن
بارلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە مەدەنىيەتنى ئىلغار
مەدەنىيەت ياكى قالاق مەدەنىيەت دەپ ئايرىشقا قەتئىي
بولمايدۇ. ئەمما مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى، كۆپ
خىللىقى، پەرقلىقلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدىكى رايون، ئىرق، ئىجتىمائىي توپ قاتارلىق
ئامىللاردىكى پەرقلەر مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان مەدە-
نىيەت رايونلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بەزى مىللەتلەرنىڭ
تارىخى ئۇزاق، زېمىنى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، پەن-تېخنى-
كىسى تەرەققىي قىلغان، ئەمما بەزى مىللەتلەر چەت،
خىلۋەت جايلارغا ماكانلاشقان بولۇپ، نوپۇسى ئاز، پەن-
تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان، نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلىرى بىز-
نىڭكى بىلەن ئارىلىقى تولىمۇ يىراق، قوبۇل قىلماق تەس.
ئەمما بۇنىڭغا قاراپلا بۇ خىل مەدەنىيەتنى قالاق، ئارقىدا
قالغان مەدەنىيەت دەپ ھۆكۈم قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-
ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ئىلغار مە-
دەنىيەت ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىش، ئە-
مەلىيەتتە، «مەدەنىيەت شوۋىنىزمى»نىڭ ئىدىيەۋى ئىنكا-
سىدۇر. كونا، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە قانۇنىيەتكە
ئۇيغۇن بولمىغان ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىلغار
مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە سىجىل ۋارىسلىق قىلىش، باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيەت جەۋ-
ھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ھا-
ياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تە-
رەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى توغرا يولغا باشلاش زامانىنىڭ
تەقەززاسىدۇر. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەرگىز تۆۋەندىن
يۇقىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش بولۇشى ناتايىن، شۇنداقلا
ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەتتىن ئىلغار بولۇ-
شىمۇ ناتايىن. دۇنيادىكى ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ
تەرەققىيات تارىخى، مەۋجۇدىيەت قىممىتى ۋە مۇقەررەر-
لىكى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار
جەريانىدا مۇشۇ خىل مەدەنىيەتنى تاللىشىدا بەلگىلىك
ئاساس بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



### 3) سىلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى

خەلق ھېكايىلىرىنىڭ ئاغزاكى شەكىلدە تارقىلىش ئالاھىدىلىكى خەلق ھېكايىلىرى، بولۇپمۇ ئوخشاش بىر تىپتىكى ھېكايىلەرنىڭ دائىم نەچچە ئون، نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلىرىنىڭ بولۇشىنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، «كۆل قىز» ھېكايىسى دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتكە دېگۈدەك تارقالغان. گەرچە بەزى تەپسىلاتلاردا ئوخشىمىغان دۆلەت، مىللەت ۋە رايونلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھېكايىنىڭ ئوخشاش بىر تىپقا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەلق ھېكايىلىرىلا بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن باشقا فولكلور ھادىسىلىرى، مەسىلەن، ئەپسانە، رىۋايەت، ماقال-تەمسىل، مۇراسىم، ئويۇن، تېپىشماق قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ دەل فولكلورنىڭ كىشىلەرنى ئەلگە جەلپ قىلىدىغان يەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل ھادىسىلەرگە قارىتا، فىنلاندىيە ئېقىمىدىكىلەر «يەككە مەنبە نەزەرىيەسى («بىر مەنبەلىك كېلىپ چىقىش نەزەرىيەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ نەزەرىيەنىڭ تەرەپدارلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوخشاش بىر تىپقا مەنسۇپ بولغان خەلق ھېكايىلىرى ئوخشاش بىر رايوندىن، يەنى ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن. ئاندىن كېيىن دولقۇن شەكلىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان دەپ قارايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر خىل ھېكايە تىپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا نەچچە يۈز خىل ئاغزاكى ۋارىيانتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان مەلۇم بىر زاماندا، دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن ئاڭلىق ھالدا ئىجاد قىلىنغان بولىدۇ. كېيىن بۇ ھېكايە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى شەكىللىنىدۇ. ھېكايىلەرنىڭ تارقىلىش يولى ئاساسلىقى سودا-تىجارەت ۋە ساياھەت لىنىيەسى بىلەن بىردەك بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ھېكايىلەرنى، ئەپسانىلەرنى كىلاسسىفىكاتسىيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەنبەسى، يىلتىزىنى ئىزدەش فولكلور تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

فىنلاندىيە ئېقىمى مەلۇم بىر ھېكايە تىپىنىڭ بارلىق ۋارىيانتلىرىغا قارىتا سىلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ھېكايىنىڭ ئەسلىي تىپىنى، مەنبەسىنى تارقىلىش لىنىيەسى ۋە دائىرىسىنى تېپىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سىلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ئالدى بىلەن تەتقىق قىلماقچى بولغان ھېكايە تىپىنى تاللاپ بېكىتىۋېلىش، ئاندىن كېيىن ھەر خىل ۋارىيانتلارنى يىغىش، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى باشلاش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەممە ۋارىيانتلارنى تېپىش، بولۇپمۇ ئىندېكس، ئارخىپ، ھېكايىلەر توپلىمى ۋە باشقا يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئاغزاكى ۋە يازما ۋارىيانتلىرىنى تېپىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما سىلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ خىل ئۇسۇلنى نەزەرىيە جەھەتتىن قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى، بىراق ئەمەلىيەتتە قوللىنىشنىڭ ئانچە كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ. ھېكايىلەرنىڭ ئاغزاكى شەكىلدە تارقىلىشتەك ئالاھىدىلىكى ھېكايىلەرنىڭ مەڭگۈ ئىجاد قىلىنىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئېھتىمال، ھەر بىر ھېكايە قايتا سۆزلەنگەن چاغدا ئۇنىڭ يېڭى بىر ۋارىيانتى ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىن. دۇنيادىكى ئوخشىمىغان دۆلەت، رايون، مىللەت، ھەتتا بىر مىللەت ئىچىدىكى تىل پەرقىمۇ بۇ خىل نەزەرىيەنىڭ ئاقمايدىغانلىقى، كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بەلگىلىك مىقداردىكى ۋارىيانتلارنى توپلىغاندىن كېيىن، بەزىدە بەزى ۋارىيانتلارنىڭ راست-يالغىنىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئاندىن بارلىق ۋارىيانتلارنى تۈرگە ئايرىپ، مەلۇم تەرتىپتە ۋارىيانتلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىش كېرەك. مەسىلەن، ۋارىيانتلار پەيدا بولغان جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا ئاساسەن، جەنۇبتىن شىمالغا ياكى شەرقتىن غەربكە ۋارىيانتلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تىزىپ چىقىش لازىم. يازما ۋارىيانتلار يىغىپ توپلانغان تارىخىي دەۋرى بويىچە، نەشر قىلىنىشتىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك ۋە ۋارىيانت پەيدا بولغان جۇغراپىيەلىك ئورۇن بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ تىزىپ چىقىلسا بولىدۇ.

يىغىش، توپلاش ۋە رەتلەش جەريانى تاماملانغاندىن كېيىن، ھېكايىلەرنى «ئوپېراتسىيە قىلىش»نى باشلاشقا بولىدۇ. بۇ بىز چوقۇم بۇ ھېكايىلەردىكى ھەم تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى بار، ھەم ئومۇمىي نۇقتىدىن ئەھمىيىتى بار ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېكايە تەپسىلاتلىرى

ئامىللىرىنى تاللاپ چىقىشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئاتال-
مىش تەپسىلات ئامىللىرى ئادەم ئىسمى، يەر-جاي نامى،
نەرسە ئىسمى ياكى باشقا ھېكايە ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلى-
دىغان ئەڭ كىچىك ۋەقەلىك بىرلىكلىرى بولسىمۇ بولىدۇ.
ئاندىن كېيىن بارلىق ۋارىيانتلاردىكى مۇناسىپ تەپسىلات
ئامىللىرىغا قارىتا سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە بولى-
دۇ. ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولسا، جەدۋەل تۈزۈش، ئىسخېما
سىزىش شەكلى ئارقىلىق، بەزى تەپسىلات ئامىللىرىنىڭ
پەيدا بولۇش نىسبىتىنى ھېسابلاپ چىقىشقىمۇ بولىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ھېكايىنىڭ ئەسلىي تىپى ياكى «ئەسلىي ھېكا-
يە»نى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن. ئاندىن كېيىن ھېكايىنىڭ
ئەسلىي تىپىغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋارىيانتىنى تېپىپ
چىقساق، بۇ ۋارىيانتلارنىڭ پەيدا بولغان جايلىرى ئېھتى-
مال ھېكايىنىڭ ئوچىقى (پەيدا بولغان جايى) بولۇشى
مۇمكىن. شۇنىڭغا ئاساسەن، ھەرقايسى ۋارىيانتلارنى سې-
لىشتۇرۇش ئارقىلىق، ھېكايىنىڭ تارقىلىش يولى ۋە لىنيە-
سىنى تەخمىنىي بولسىمۇ تېپىپ چىقالايمىز. يۇقىرىقى تەتقى-
قات ئۇسۇلى ئارقىلىق ھېكايىلەرنىڭ ئەسلىي تىپى ۋە تار-
قىلىش ئوربىتىسىنى تېپىپ چىقالايمىز.

كېيىنچە، ئىلىم ئەھلىلىرى فىنلاندىيە ئېقىمى ۋە
ئۇنىڭ بىر خىل نەزەرىيەسىنى بايقاشتى. بۇنى بىر ئۇسۇل
دېگەندىن كۆرە، نۇرغۇن ئەيىب-نۇقسانلار بىلەن تولغان
بىر ئۇسۇل دېگەن تۈزۈك. ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ھېكا-
يە تىپىنىڭ بارلىق ۋارىيانتلىرىنى يىغىش نەزەرىيە جەھەت-
تىن مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس. مەسىلەن، روبېرسون «ئاق كۆكۈل ۋە قارا
كۆكۈل قىز» (AT480) ناملىق ھېكايە ۋارىيانتىدىن 900
پارچە يىغقان، كېيىن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن
ئۇلارنى تەتقىق قىلغان. كېيىن كىشىلەر 109 خىل ۋارىيان-
تىنى قالدۇرۇۋەتكەن، ئىككىنچىدىن، بۇ خىل ئۇسۇل
بەكلا مېخانىك بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنچىكە ھالقا، بەلگە،
سيۇژىت ئالاھىدىلىكى، جەدۋەل، رەسىملەرنى تەھلىل قى-
لىشقىلا قارىتىپ، ھېكايىدىن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى،
بايان قىلغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالى، مۇھىت قاتارلىق
ئامىللارنى ئاجرىتىپ چىقىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، ھېكا-
يىلەرنى تارقىلىش جەريانىدىكى ئادەم ئامىلىغا سەل قارى-
غان.

شىۋېتسىيە فولكلورشۇناسى ۋون سىدوۋ مۇنداق قا-
رايدۇ: يەرلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئامىللارنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بىر خەلقئارا تىپتىكى ھېكايىلەر
تىپى ناھايىتى تېزلا يەرلىكلىشىپ، بۇ ھېكايە تىپىنىڭ بالا
تىپى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «يەرلىك تىپ» يەرلىك ئا-
لاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبقا ئىگە مەلۇم بىر ھېكايە تىپىنىڭ
تارماق تىپى بولۇشى مۇمكىن. ھەر بىر خىل يەرلىك
تارماق تىپنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بولىدۇ، ئۇنى
ھېكايىنىڭ ئەسلىي تىپىدىن ئايرىپ چىقماق تولىمۇ تەس.
ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىل-
غان بەزى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى
نائېنىق بولۇپ، پەقەت ھېكايىلەرنىڭ تارقىلىش يولىنى قى-
ياسەن سىزىپلا بېرىدۇ، شۇ سەۋەبلىك، بۇ خىل ئۇسۇل
ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكىنى يوقىتىدۇ.

يۇقىرىقى ھەرقايسى ئېقىملارنىڭ فولكلور تەتقىقاتىدا
ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى
ئوخشاش. ئۇ بولسىمۇ ھەر خىل فولكلورىستىك ھادىسى-
لەرنىڭ مەنبەسى، تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ياتلى-
شىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتۇر. 19-ئەسىرنىڭ ئاخى-
رى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، فولكلور تەتقى-
قات ئۇسۇلىنىڭ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلىشىغا
ئەگىشىپ، كىشىلەر فولكلورىستىك ھادىسىلەرنىڭ مەنبەسى-
نى تەتقىق قىلىشتىن تەدرىجىي ۋاز كېچىپ، فۇنكسىيە، قۇ-
رۇلما، پىسخىكا قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەتقىقاتقا بۇرۇ-
لۇپ، فولكلور تەتقىقاتىنى بىر يېڭى باسقۇچقا كىرگۈزدى.

## 2. فۇنكسىيە ئېقىمى

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەنبە تەتقىقاتىدا كىرىزىس
يۈز بەردى. مالىنوۋىسكىي ۋەكىللىكىدىكى فۇنكسىيە ئېقى-
مى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ كۆتۈپخانىدا ئولتۇرۇپ قىلىدىغان
تەتقىقات ئۇسۇلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنى-
دى ۋە دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىرىنچى قول ماتېرىيال-
لارغا ئېرىشتى. كىشىلەر ئىنسانشۇناسلىق ئېقىملىرىنىڭ ئىنى-
تايىن چەكلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا مەدەنىيەت تەرەققى-
يات ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ھەر
خىل قىياس، خىيال، تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىشىدىن، ئىنسانىيەت
مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى قايتا قۇرغۇسى يوقلۇقىدىن ئالىلقا-
چان نارازى بولۇشقا باشلىغانىدى. ھەر تۈرلۈك مەدەنى-
يەت ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىمىز تولۇق

بولماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى بەلگىلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ شەكلىنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى قىياس قىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى يوق. «مەنبە»، «باسقۇچ»، «تەرەققىيات پرىنسىپى»، «مەدەنىيەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى» قاتارلىق ئۇقۇملار تا بۈگۈنگىچە مۇجمەل بولۇپلا قالماي، يەنە تەجرىبە بىلەن چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمىنىڭ ئۇسۇلى ئەڭ مۇھىمى «مىراس» ئۇقۇمىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئۇقۇمغا تايىنىپ، ئۇلار ھازىر بار بولغان ئەھۋاللاردىن ئۆتمۈشتىكى «باسقۇچ»لارنى قايتا قۇرۇپ چىقسا بولىدۇ. ئەمما مىراس ئۇقۇمى «ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى فۇنكسىيەسىنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ» ③ دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فۇنكسىيە ئېقىمى فولكلورشۇناسلىق ساھەسىدە بىر مەيدان ئىنقىلاب قوزغىدى. ئۇلار ئۇزاق مەزگىللىك دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تىرىك فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەر تۈرلۈك فولكلور ھادىسىلىرى نېمە ئۈچۈن خەلق ئارىسىدا ساقلىنالايدۇ ۋە كەڭ تارقىلالايدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قويدى. فۇنكسىيە ئېقىمىدىكى (فۇنكسىئونالىست)نىڭ قارىشىچە، «ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، مەيلى ئابستراكت ئىجتىمائىي ھادىسە (مەسىلەن، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىدىيەۋى ئاڭ، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلار) بولسۇن، مەيلى كونكرېت ماددىي ھادىسە (مەسىلەن، ھاسا، قورال ـ سايمان، ئەسۋاب قاتارلىقلار) بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش رولى، يەنى بەلگىلىك فۇنكسىيەسى بار. ئۇلاردىكى ھەر بىر باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئۆزئارا ئوينايدىغان رولىنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. فۇنكسىيە ئېقىمىنىڭ نەزەرىيەسى يەنە مەدەنىيەت بىيولوگىيەلىك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئادەم بولسا ھايۋاندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەتتىكى فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى مەسىلە. بۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئادەم يېمەكلىك، يېقىلغۇ، تۇرالغۇ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. دېمەك، ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بىر يېڭى، ئىككىلەمچى، ھاسىلىي مۇھىت يارىتىشى زۆرۈر، بۇ مۇھىت دەل مەدەنىيەتتۇر. شۇڭا ئادەم مەدەنىيەتكە موھتاج، ئادەم مەدەنىي ھايۋان. ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغىچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگىچە بولغان ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت فۇنكسىيەسىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر». ④ ئىنسانلار مەدەنىيەتكە موھتاج ئىكەن، ھەر بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى چوقۇم ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن ئېھتىياجىنى قامدىشى كېرەك. بولمىسا بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى شاللىنىپ كېتىدۇ. بەزىلەر فۇنكسىيە ئېقىمىنى «مەززىلىك ۋە يېگىلى بولىدىغان» نەزەرىيە دەپ يەكۈنلەيدۇ. بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، ئەپسانىلەر ھەققىدە مالىنوۋىسكىي مۇنداق قارايدۇ: ئەپسانىلەرنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي رولى بولىدۇ، ئېنىق پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەپسانىلەرنىڭ رولى ئەنئەنە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن غايەت زور قىممەت ۋە نوپۇزدۇر، ئەپسانىلەرنىڭ كىشىلەرنى سەل ئېگىز، سەل ياخشىراق بولغان ئەڭ دەسلەپكى ۋەقەلەردىكى تەبىئەتتىن ھالقىغان ئەمەلىيەتكە قايتۇرالايدۇ. ئەپسانىلەر ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ ۋە رەتلىيەلەيدۇ، ئۇ ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتنىڭ كۈچىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ، نەزىر، مۇراسىملارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە يېتەكچىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەمەلىيىتىنىڭ مىزان ـ ئۆلچەملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».⑤ شۇڭا ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مۇھىم، ئەمما ئەگەر ئەپسانىلەرگە ئائىت ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بولمىسا، ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ قىلچە كېرىكى بولمايدۇ. ئۆتمۈشتە، كىشىلەر ئەپسانىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ھەمىشە ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەپسانىلەرنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تېپىپ چىققان ئەپسانە پارچىلىرىدا ھېچقانداق ئېتىقاد ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى يوق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ ئېتىقادچىلارنىڭ ھېچقانداق ماتېرىيالىمۇ يوق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسى ۋە ئۆرپ ـ



013.

ئادەت، ئېتىقاد ماتېرىياللىرى تېخىمۇ يوق. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقانچە پايدىلىنىش قىممىتىمۇ يوق.

### 3. پسىخىك ئانالىز ئېقىمى

كىشىلەرنىڭ قانداق باھا بېرىشىدىن قەتئىينەزەر فرويد دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بىر گىگانت ئادەم. ئۇنىڭ نەزەرىيەسى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان پەنلەردە زىلزىلە خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەننىڭ ئۆزىنى بەك چوڭ تۇتىدىغان ئىنسانلارغا ئۈچ قېتىملىق ئېغىر زەربىسى بولغان: بىرىنچىسى، كوپېرنىكنىڭ ‹قۇياش مەركەز تەلىماتى›، ئۇ يەر مەركەز تەلىماتىدىن ئىبارەت كونا قۇرۇق خىيالنى بىتچىت قىلدى؛ ئىككىنچىسى، دارۋىننىڭ ‹تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى› قارىشى، بۇ تەلىمات ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنى ئايرىۋەتكەن ئېگىز تامنى ئۆرۈۋەتتى. بۇ چاغدا ئىنسانلار ئەمدى ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ مەركىزى ۋە كائىناتنىڭ غوجىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى؛ ئۈچىنچىسى، ‹پسىخىك ئانالىز تەلىماتى›نىڭ پەيدا بولۇشى. بۇ تەلىماتنى ‹تەكەببۇر ئىنسانلار› ئۇچرىغان بىر قېتىملىق ئەڭ زەربە دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزلىرى شەخسەن ئۆزلىرىنىڭ قەلبىگە غوجايىنلىق قىلالمايدىغانلىقىنى بايقىدى، ئەمەلىيەتتە ‹ئۆزلۈك› ئۆزىنىڭ ئىگىسى ئەمەس». ⑥ پسىخىك ئانالىز تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا كىشىلەرنىڭ ئېڭى، كۆز قارىشىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. فرويد دەسلەپتە بىر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتلاردا تېببىي ساھەنىڭ روھىي كېسەللىكلەر ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىدىغان «ئۇخلىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى» داۋالاش ئۈنۈمىدىن رازى بولماي، بىر خىل يېڭى داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان. كېيىن ئۇ بىر خىل ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان «پاراڭلىشىپ داۋالاش» ئۇسۇلىنى بايقىغان. بۇ بىمار بىلەن تاققا-تۇققا پاراڭلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز، بىمەنە نەرسىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، بىمارلارغا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئويلىغانلىرىنى دېگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. كېيىن فرويد بۇ خىل پاراڭلىشىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى «ئەركىن پىكىر قىلىش» ئۇسۇلىغا تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىمارلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان، ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىك سەۋەبلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى سەممىيلىك بىلەن دېگۈزگىلى بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ھەر خىل پسىخىكلىق توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئاكتىپ يېتەكلىگىلى بولىدۇ. سانىسىزلىغان ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇ بۇنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىغا «پسىخىك ئانالىز» داۋالاش ئۇسۇلى دەپ نام بەرگەن. پسىخىك داۋالاش ئۇسۇلى ئەڭ مۇھىم مۇنداق ئىككى نۇقتىغا ئاساسلىنىدۇ: بىرى، ئەركىن باغلاپ پىكىر قىلىش. بىمار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇ ئەگەر بىمار ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي خالىغانچە پاراڭلاشسا، يەنى ئەركىن باغلاپ پىكىر قىلسا (گەرچە بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدە ئاللىقاچان يوقالغان بولسىمۇ) دائىم بالىلىق مەزگىللىرىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىيەلەيدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار ئەسلىگەن ئىشلار ھەمىشە بەزى ئازابلىق، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر ئۇ ئىشلارنى ئەسلەشنى خالىمايدۇ. ئەمما ھەمىشە دەل مۇشۇ گۆدەكلىك ياكى بالىلىق دەۋرىدىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلەر ياكى خىياللار بىمارلاردىكى پسىخىك توسالغۇلارنى ھاسىل قىلىپ، ھەر خىل پسىخىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بىمار ئۆزىدىكى پسىخىكلىق قورقۇش تۇيغۇسىغا توغرا قارىسا، بۇ پسىخىك توسالغۇلارنى ئاڭلىق ھالدا چىقىرىۋېتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كېسىلىمۇ ساقىيىدۇ. فرويد شۇنىڭ بىلەن بىللە، بالىلىق مەزگىلدىكى نۇرغۇن پسىخىك توسالغۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بوۋاقنىڭ خىيالىدىن كېلىدىغانلىقىنى، بوۋاق ئۆزىنى مەلۇم دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم دەپ خىيال قىلسا، بۇ خىل زىيانكەشلىك ھەمىشە جىنسىي زىيانكەشلىككە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىغان. فرويد مۇشۇ ئاساستا، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەمنىڭ ئېڭىنىڭ سىرتىدا يەنە ناھايىتى چوڭ ئاڭسىز سىستېمىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىغان. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەمنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنىڭ كۈچى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قوزغىتىش كۈچىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىنسان ئېڭىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئاڭسىزلىقتۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلىگۈچى ئامىللار تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاڭ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنىڭ سىرتىدىكى ئاڭسىزلىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



فرويدنىڭ قارىشىچە، ئاڭسىزلىق ساھەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ روھىي تۇرمۇشىنى ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى پەقەت ئاڭ بىلەن ئىنساننىڭ روھىي پائالىيىتىنى چۈشەندۈرۈش مۇكەممەل بولمايدۇ. ئاڭسىزلىق ساھەسىنىڭ بايقىلىشى فرويدنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

فرويد ئىنسانلارنىڭ بارلىق روھىي جەريانلىرى ئاڭ، ئالدىنقى ئاڭ ۋە ئاڭسىزلىقتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن مۇز تاغقا ئوخشايدۇ. ئاڭ سۇ يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر قىسمى، ئالدىنقى ئاڭ بولسا سۇ ئارىسىدىكى بىر قىسمى بولۇپ، بەزىدە سۇغا چۆكسە، بەزىدە سۇ يۈزىدە لەيلەيدۇ. ئاڭسىزلىق بولسا مۇز تاغنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ سۇنىڭ تېگىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. قارىماققا كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇز تاغنىڭ غوجىسى. كىشىلەردىكى تەكشۈرۈش مېخانىزمى بولمىسىلا، ئاڭسىزلىق ئاڭنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. ئاڭسىزلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىنىڭ سىرتىدىكى نەرسە بولغانلىقتىن، بىز ئاڭسىزلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى زادى تونۇپ يېتەلمەيمىز. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئاڭسىزلىقنىڭ مەزمۇنىنى بايقىغىلى بولىدۇ؟ فرويد پەقەت چۈش ۋە روھىي كېسەل بىمارلىرىدىكى ھەر خىل كېسەللىك ھالەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلاردىكى ئاڭسىزلىق ساھەسىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. چۈش بولسا بىر خىل پسىخىكىلىق ھادىسە، بىر خىل ئاڭسىزلىق يېتىشنى خالايدىغان ۋە قائانەتلىنىش. چۈنكى چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمنىڭ تەكشۈرۈش مېخانىزمى بوشاشقان ھالەتتە بولىدۇ، ئاڭسىزلىق دائىم ساختا شەكىلدە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر غەلىتە چۈشلەرنى كۆرىدۇ. روھىي كېسەللەرگە كەلسەك، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئاڭسىزلىقنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن، روھىي گۇمراھلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەر خىل روھىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا چۈش ۋە روھىي كېسەللەر بىزنىڭ ئىنسانلاردىكى ئاڭسىزلىق ساھەسىنى تېپىشىمىزدىكى ئاساسلىق ۋاستىچىدۇر دەپ قارايدۇ.

نۆۋەتتە، بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى فرويدنىڭ ئاڭسىزلىق نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەپسانە، ھېكايە، رىۋايەت، ئويۇن، مۇراسىم قاتارلىق فولكلور ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. ئۇلار بۇ فولكلور ھادىسىلىرىدە يوشۇرۇنغىنى قايسى ئىنسانلارنىڭ ئاڭسىزلىق ئىستىكى ئىكەنلىكىنى، يەنە ئىنسانلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئاڭسىزلىق ئىستىكىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى بايقاشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەسىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ تارقالغان «ئودىپۇس» ھېكايە تىپى ئىنسانلاردىكى «ئودىپۇس» پىراقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىلىدۇ. ئودىپۇس پىراقى يەنە «ئانىسىنى ئېلىش تۇيغۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىنسانلاردىكى بىر خىل ئومۇميۈزلۈك روھىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، خاراكتېر تەرەققىياتى ناھايىتى مۇھىم بىر باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، بۇ دەل ئودىپۇس پىراقى باسقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بالا تاشقى دۇنيادىن ئۆزىنىڭ «مۇھەببەت» ئوبيېكتىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار بىردەك «يېيىش» ۋە «چىقىرىش»تىن ھوزۇرلىنىشقا ئېرىشىدۇ. باللار تاللايدىغان تۇنجى «مۇھەببەت» ئوبيېكتى ئۆزىنىڭ ئانىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ دىققەت نەزەرىدە پەيدا بولىدىغان خىيالەن دۈشمىنى — ئاتىسىدۇر. شۇڭا باللارنىڭ قەلبىدە بىر خىل «ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنى ئېلىش» مۇددىئاسى پەيدا بولىدۇ. بۇ كىشىلەر دائىم تىلغا ئېلىشىدىغان ئودىپۇس پىراقىدۇر. ئودىپۇس پىراقى بىر خىل خام خىيال بولۇپ، باللىق مەزگىلدە پەيدا بولىدۇ. ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئودىپۇس مەزگىلىنى ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە بۇ خىل ھېسسىياتنى «ئاڭسىزلىق»تا تىزگىنلەيدۇ. شۇڭا بىز ئاساسەن ئۇنى ئويلاپ بولالمايمىز. ئەمما بۇ بىزنىڭ روھىمىزدىكى ئودىپۇس پىراقىنىڭ تەلتۆكۈس غايىب بولۇشىغا تەڭ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئودىپۇس پىراقى پەيت تېپىپ كىشىلەرنىڭ ئاڭ يولىغا كىرىشنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ تارقالغان ئودىپۇس ھېكايە تىپىنىڭ نۇرغۇن ۋارىيانتلىرىنى، ئودىپۇس تىپىدىكى ئەپسانە ۋە بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرەلەيمىز.

نۇرغۇن تىپتىكى فولكلور ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىلىم ئەھلىلىرى يەنە ئودىپۇس پىراقىدىن باشقا، ئىنسانلارنىڭ روھىدىكى نۇرغۇن ئاڭسىزلىقنىڭ

مەزمۇننى، ئەر جىنسلىقلارنىڭ ئايال جىنسلىقلارنىڭ كۆپىيش ئىقتىدارىغا ھەسەت قىلىشى، ھەمجىنسلىق خاھىشى، كۆپىيش تەسەۋۋۇرى، ئاختا قىلىۋېتىشكە قارىتا ئەنسىرەش قاتارلىقلارنىڭ ئەپسانە، ھېكايە، رىۋايەت قاتارلىق فولكلور تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك ئىزنالىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى.

فروئىدنىڭ روھىي ئانالىز ئىلمىي نەزەرىيەسىنىڭ باشقا قىسىملىرى، مەسىلەن، «جىنسىيەت نەزەرىيەسى»، «مەدەنىيەت قارىشى»، «توتېم تەلىماتى» ۋە «چۈش» نەزەرىيەسىمۇ بەزى فولكلور ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى قىلىنىدۇ.

**4. قۇرۇلمىچىلىق (ستراكتۇرالىزم / Structuralisim)**

قۇرۇلمىچىلىقنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ۋە ئاساسلىق ۋەكىلى فىرانسىيەلىك ئىنسانشۇناس لېۋى ستىرائۇستۇر. دەسلەپكى مەزگىللەر لېۋى ستىرائۇس سوشۇرنىڭ قۇرۇلما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئىلھامى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان، كېيىن ئۇ بۇ خىل تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا تەتبىقلاشقا باشلىغان. قۇرۇلما تىلشۇناسلىقى ھەر قانداق بىر تىل ئىپادىلەش بەلگىسى بولۇپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق مەنە بولمايدۇ، ئۇ تىل تاۋۇشلىرى بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن تۈزۈلىدۇ، بۇ خىل تىل تاۋۇش بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىز «تىلنىڭ قۇرۇلمىسى» دەپ ئاتايمىز.

1941ـ يىلى ياكوبسون ئىنسانشۇناس لېۋى ستىرائۇس بىلەن تونۇشتى، ئۇلار بىرلىكتە نيۇيورك يېڭى جەمئىيەت تەتقىقات يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ياكوبسوننىڭ فونولوگىيە تەھلىل ئۇسۇلى ۋە پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە دۇئالىستىك تەھلىل شەكلى لېۋى ستىرائۇسقا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ياكوبسوننىڭ مېتافورا ۋە مېتونومىيەنى پەرقلەندۈرۈشى لېۋى ستىرائۇس تەرىپىدىن ئەپسانە ۋە ئىپتىدائىي تەپەككۇر تەھلىلىگە تەتبىقلاندى. «تۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەمئىيەت تەرىپىدىن مېتافورالىق تەسەۋۋۇر قىلىنغان مۇناسىۋەت ۋاقتىدا ئۇلارغا نام بېرىش تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مېتونومىيەلىك بولىدۇ. تۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەمئىيەت تەرىپىدىن مېتونومىيەلىك مۇناسىۋەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغاندا، نام بېرىش تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مېتافورالىق بولىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ مەقسىتى بىر ئومۇمىي نەزەرىيە ۋە ئومۇمىي چۈشەندۈرۈش پرىنسىپى قۇرۇپ چىقىش بولۇپ، قۇرۇلما تىلشۇناسلىقى بىر خىل ئومۇمىي نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى بولسا بۇ پرىنسىپنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ⑦ لېۋى ستىرائۇس قۇرۇلما ئۇقۇمىنى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، مەسىلەن، ئەپسانە نۇرغۇن مۇتىفلاردىن تەشكىل تاپقان، بۇ مۇتىفلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق. پەقەت ئۇلارنىڭ قۇرۇلما شەكلىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ قايتىدىن تىزىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئەپسانىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇ نەزەرىيەنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتى شۇكى، بىز چوقۇم ئەپسانىلەرنى بىر خىل ھېچقانداق مەنىسى ۋە رولى بولمىغان مەۋجۇتلۇق دەپ قارىشىمىز كېرەك. قارىماققا ئەپسانىلەرمۇ بەلگىلىك مەزمۇننى ئىپادىلىشى مۇمكىن، ئەمما بىز بۇنىڭلىق بىلەن بۇلار ئەپسانىلەرنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى دەپ قارىيالمايمىز. بۇ فۇنكسىيە ئېقىمىغا زىت كېلىدۇ. فۇنكسىيە ئېقىمىنىڭ قارىشىچە، ئەپسانىلەرنى ئىنسانلار ئاڭلىق ھالدا ئىجاد قىلغان. چۈنكى ئەپسانىلەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىشىغا بولسۇن، مەيلى ئېتىقادتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار ۋە ئەدەپ ـ ئەردەمگە قارىتا كۈچەيتىش فۇنكسىيەسى بولسۇن ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيەسى ئەپسانىلەرنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى فۇنكسىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئەپسانىلەرنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپ، ئاندىن قايتىدىن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى تىزىپ چىقساق بولىدۇ، مەسىلەن، «ئودىپۇس» ئەپسانىسىنى تەتقىق قىلغاندا، لېۋى ستىرائۇس ئالدى بىلەن ئەپسانە ھېچقانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، ھېچقانداق مەنىسىمۇ يوق، ئاندىن كېيىن يەنە بۇ ئەپسانىنىڭ ئاساسىي ئاملىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ يەردىكى ئاتالمىش «ئاساسىي ئامىل» ئەپسانە ھېكايىلىرىدىكى ھېلىقى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىلگەن ئەڭ قىسقا جۈملىلەردۇر. مەسىلەن، «ئودىپۇس ئاتىسىنى ئۆلتۈردى»، «ئودىپۇس ئانىسىنى ئەمرىگە ئالدى»، «كادمۇس زەھەرلىك ئەجدىھانى ئۆلتۈردى»...

دېگەندەك، بۇ ئەپسانىلەر پارچە-پارچە قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ ئامىللار ئارىسىدا بەزى ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «ئودىپۇس سفىنكسنى ئۆلتۈردى»، «كادمۇس زەھەرلىك ئەجدىھانى ئۆلتۈردى» دېگەن ئىككى جۈملىدىكى ئىككى خىل ئامىلنىڭ ھەممىسى غەلىتە مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا. ئاندىن كېيىن بۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەپسانە ئامىللىرىنى بىر قاتارغا دەستىلەشكە موھتاج. پەقەت ئەپسانىنى مۇشۇنداق قايتىدىن تىزىپ چىققاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئەپسانىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشىمىزنىڭ مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. ئودىپۇس ئەپسانىسىنىڭ قايتىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇلمىسى ئارقىلىق لېۋى ستراۋس ئىككى خىل بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان قۇرۇلما شەكلىنى يەكۈنلەپ چىققان. مەسىلەن، ئۇ ئەپسانىدىكى «ئودىپۇس ئاتىسىنى ئۆلتۈردى» ۋە «ئەيتېئولس پالىنىشسنى ئۆلتۈردى» دېگەن جۈملىلەرگە «قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە سەل قاراش» دەپ، «ئودىپۇس ئانىسىنى ئەمرىگە ئالدى» ۋە «كانتامۇس يوقاتقان ئاچىسى يولىپانى ئىزدىدى» دېگەن ئىككى جۈملىگە «قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىش» دەپ ئېنىقلىما بەردى. «كادمۇس زەھەرلىك ئەجدىھانى ئۆلتۈردى» ۋە «ئودىپۇس سفىنكسنى ئۆلتۈردى» دېگەن ئىككى جۈملىگە «تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەنبەسىنى ئىنكار قىلىش» دەپ ئېنىقلىما بەردى. ئودىپۇسنىڭ ئىسمى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمى «لاۋرۇس»نىڭ پۇتى مېيىپ دېگەن مەنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ «تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەنبەسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن.

دەستە بىلەن دەستىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە جۈپلۈك پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر ئىككى دەستە ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق: «تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەنبەسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش» / «تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەنبەسىنى ئىنكار قىلىش»؛ «قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە سەل قاراش» / «قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىش» بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قارىمۇ قارشىلىقلار ئەپسانىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. ئىنسانلار بۇ ئەپسانە ئارقىلىق مۇنداق بىر زىددىيەتنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ: ئادەم ئەڭ دەسلەپتە يەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ چوڭ بولغانمۇ ياكى ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن تۇغۇلغانمۇ؟ «قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە سەل قاراش» بىلەن «قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىش» قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ بۇ ئىككى خىل ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كەسكىن زىددىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەپسانىلەر ئارقىلىق بۇ زىددىيەت ياكى پەسەيتىلىدۇ، ياكى مەلۇم ئەھۋالدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەپسانىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «زىددىيەتنى يېشىش ئۈچۈن بىر خىل لوگىكىلىق ئەندىزە بىلەن تەمىنلەش، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەپسانىلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ زىددىيەتنى يېشىپ، ئىلگىرى-كېيىن ئۆزگەرمەي تۇرىدىغان بىر خىل شەكىلگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۆزئارا زىت بولغان ئېتىقاد ياكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ھادىسىلىرىنىڭ قايسىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەپسانىلەرنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ». ⑧ قۇرۇلمىچىلىقنىڭ قارىشىچە، ئەپسانە ئىدىيەسىنىڭ قۇرۇلما ئەندىزىسى ھامان ئالدى بىلەن بىر قارىمۇقارشى ئامىلنى تارتىپ چىقىرىش، ئاندىن بىر ۋاستىچى نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل قارىمۇقارشىلىقنى يوقىتىدۇ ياكى پەسەيتىدۇ. ئەپسانىلەر مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىكى كوللېكتىپ ماھىيەت بىلەن شەخس ئىپادىسى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى يېشىدۇ. شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇش ياكى زىددىيەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدىكى غەم-ئەندىشىلىرىنى ئازايتىدۇ. ئەپسانىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەر بەزى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى رېئاللىققا ئايلىنالمايدىغان ئىشلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. لېۋى ستراۋس ئىنسانلار تەپەككۇرىدىكى بۇ خىل قۇرۇلما ئەندىزىسى تۇغما بولىدۇ، ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئەپسانىلەرنى ئىنسانلار ئىجاد قىلغان ئەمەس، بەلكى ئەپسانىلەر ئىنسانلاردا قىلچىمۇ تۇيغۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ قانداق تەپەككۇر قىلىشىغا ياردەم قىلغان دەپ قارايدۇ.

فولكلور ئىلمى شەكىللەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەنبە تەتقىقاتى (قۇياش ئەپسانىسى ئېقىمى، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمى، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى)، فۇنكسىيە ئېقىمى، پسىخىك ئانالىز ئېقىمى، قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمى قاتارلىق نەزەرىيەۋى ئېقىملار پەيدا بولدى ۋە فولكلور تەتقىقاتى ئەمەلىيىتىدە تەتبىقلاندى. بۇ نەزەرىيەلەر

ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىي تەنقىد، پسىخولوگىيە ۋە تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىن كەلگەن ياكى بۇ پەنلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. فولكلورشۇناسلار دائىم باشقا پەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەر خىل، ھەر ياڭزا فولكلور نەزەرىيە توپىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا فولكلور تەتقىقاتى تەتقىقاتچىلاردىن ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىي تەنقىد، پسىخولوگىيە ۋە تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىنمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە فولكلور ھادىسىلىرىنى ھەر خىل كېسىشمە پەنلەر، ئارىلىق پەنلەر ۋە ئۇنىۋېرسال پەنلەر نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىش يۈزلىنىشى بارغانسېرى گەۋدىلىك قىلماقتا. شۇڭا، فولكلور تەتقىقاتى كۆپ خىل پەنلەر تەتقىقاتىغا موھتاج. ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى پەقەت بىرلا خىل نەزەرىيە بىلەن تەتقىق قىلىش كۇپايە ئەمەس.

ئىزاھلار:

① «ۋېدا» — «بىلىم»، «يورۇقلۇق» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ھىندىستاندىكى بىراخما دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. ئۇ مەزمۇنى، خاراكتېرى ۋە تۈزۈلگەن ۋاقتىغا قاراپ تۆت قىسمغا بۆلۈنىدۇ. بۇ بىراخمانلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن. سانسكرىت يېزىقى بىلەن پالما دەرىخى يوپۇرمىقى ياكى دەرەخ قوۋزاقلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇلغان. تۆت ۋېدا كىتابى ئىچىدە «رىگ ۋېدا» («نۇر ھەققىدە قەسىدە») قىسمى ئەڭ كونا، ئەڭ قىممەتلىك قىسمى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن 1200ـ 900 يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ تەڭرىلەرنى مەدھىيەلەشنى مەزمۇن قىلغان ئىپتىدائىي ناخشىلار توپلىمى بولۇپ، 1028 كۇپلېت مەدھىيە ناخشىسى بار، ئۇن جىلدقا بۆلۈنگەن. «رىگ-ۋېدا» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقلا قەدىمكى ھىندىستان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئالىملار ئارىيانلارنىڭ ھىندىستانغا كۆچۈپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر باسقۇچلۇق تارىخنى كۆپىنچە «ۋېدا دەۋرى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

② تەيلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، 275 - بەت.

③ [ئەنگلىيە] مالىنوۋسكىي (فېي شياۋتۇڭ تەرجىمىسى): «مەدەنىيەت نەزەرىيەسى»، خۇاشيا نەشرىياتى، 2002 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى.

④ ۋاڭ خەيلۇڭ، خې يۇڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تارىخى يېتەكچىسى»، 134 - بەت.

⑤ مالىنوۋسكىي: «ئىپتىدائىي پسىخولوگىيەدىكى مىف»، «سېھرگەرلىك، پەن ۋە دىن ھەمدە باشقا يازمىلار»دىن نەقىل ئالغان، نيۇيورك، 1960 - يىل، 39 - ۋە 83 - بەتلەر، جۇ دې: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، 680 - بەتتىكى نەقىلدىن.

⑥ فروئىد: «پسىخىك ئانالىز ئىلمىدە پسىخولوگىيەدىكى بىر قانچە ئاساسىي نەزەرىيە»، موسكۋا، 1923 - يىل نەشرى، 195ـ 198 - بەتلەر.

⑦ خۇ جىڭجى: «غەرب ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسى داڭلىق ئەسەرلىرى دەرسلىكى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل، 243 - ، 244 - بەتلەر.

⑧ جۇ دې: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، 709 - بەت.

پايدىلانمىلار:

① ۋاڭ جۇەن: «فولكلور ھەققىدە بايان» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 265~ 280 بەتلەر.

② مېڭ خۇيىڭ: «غەرب فولكلورشۇناسلىق تارىخى» (خەنزۇچە)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

## بىلدۈرگۈ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

www.uyghurkitap.com



# جىگدە دەرىخى

ئابدۇكېرىم تۇردى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراقتىكى تارىخىغا نەزەر يۈگۈرتىدىغان بولساق، ئۇلار قەدىمدىن بۇگۈنگىچە كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش پائالىيىتى جەريانىدا جىگدە دەرىخىدىن ئوبدان پايدىلانغان.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي: «جىگدە» دېگەن سۆزلىمىنى «يىتىرىك» (جىگەرلىك) دەپ قەلەمگە ئالغان. («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 621 ـ بەت).

جىگدە دەرىخى مېۋىسى ئۇچكىلىك، سوقۇچاق، كۇمۇلەك، كۆز تاشتەك ھەر خىل مېۋىلەيدۇ.

جىگدە دەرەخ مېۋىسىنىڭ رەڭگى ئالتۇندەك ساپسېرىق، قىزغۇچ سېرىق، ئاق نىل رەڭ، ئاق، كۈمۈش رەڭدە بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە «يىگدە» (جىگدە) دەپ ئىزاھلانغان. («دىۋان»نىڭ ئۇيغۇچە نەشرى، 3 ـ توم، 39 ـ بەت).

جىگدە دەرىخى تەبىئەتكە ماسلىششچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەر قانداق تۇپراقتا بىمالال ئۆسۈپ مېۋىلىيەلەيدىغان، شامال ـ بوران، يامان تەبىئي ئاپەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان خاسىيەتلىك چىداملىق دەرەخ.

ئەجدادلىرىمىز جىگدە دەرىخىنى يېقىلغۇ مەنبەسى قىلىشقا، تۇرمۇش مەنبەسى، يېزا ئىگىلىك مەنبەسى، چارۋامال مەنبەسى، زېمىن ياخشىلاش مەنبەسى قىلىشتىن سىرت، جىگدە دەرىخى، جىگدە مېۋىسىدىن مىجەز تەڭشەش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە ئوبدان پايدىلانغان.

جىگدە دەرىخى ئوچاق، تونۇر قىزىتىپ نان يېقىش، قىش كۈنلىرى ئۆي ئىسسىتىش، جىگدە ئوتۇنىنى قالاپ، چوغ چۈشۈرۈپ گۆشلۈك ۋە گۆشسىز كۆمەچلەرنى كۆمۈپ پىشۇرۇش، چوغ ئۈستىگە گۆش، جىگەرلەرنى تاشلاپ قاقلاپ «جاڭگال كاۋىپى» دېگەن كاۋاپلارنى پىشۇرۇش، جىگدە ئوتانلىرىنى قالاپ قوي، كالىلارنىڭ كاللا ـ پاچاقلىرىنى ئۈكلەپ ئادالاش، چاي قاينىتىش، ھەر خىل يېمەكلىك غىزالارنى پىشۇرۇش، تۆمۈرچى، زەگەر ئۇستاملارنىڭ ئوچاقلىرىغا يېقىلغۇ كۆمۈر قىلىش، ناماز تاھارەتكە سۇ ئىسسىتىش، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى يۇيۇشقا سۇ ئىسسىتىش، قىش پەسلىدە قازا قىلغان (ئالەمدىن ئۆتكەن)لەرنى يۇيۇپ تاراپ يەرلىكتە قويۇش ئۈچۈن سۇ ئىسسىتىش، قەبرىنىڭ ئاغزىنى چاپلاپ لېيىغا سۇ قاينىتىش، يۈز ـ كۆز يۇيۇش، پۇت ـ قول يۇيۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

### جىگدە دەرىخىدىن ئوتۇن تەييارلاش ئۇسۇلى

جىگدە تىكەنلىك دەرەخ بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز جىگدە ئوتۇننى بىر يىل بۇرۇن تەييارلىغان، ئۇلار شورلۇق زەي، قاقاس چۆل، شېغىللىق زېمىنلارنى قىرغا (تىكەنگە) ئېلىپ، ئوبدان تۈزلەپ ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ قويۇپ ئاغدۇرۇپ، كۈزنىڭ سوغۇق سۈيىگە ئوبدان تويۇندۇرۇپ، ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان قاغا جىگدىلەرنى تەييارلاپ قويغان ئېتىزلارغا چېچىپ سۆرەم سېلىپ، ئوبدان باسۇرۇپ توپىغا كۆمۈپ، قاش كۆتۈرۈپ تەييارلاپ قويغان يەرلەرگە قەلەمچە سېلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ قاشلىرىغا، هويلا - ئاران، باغ چۆللىرىگە جىگدە كۆچەتلەرنى سېلىپ، كېسىش يېشىغا يەتكەندە كېسىپ يېقىلغۇ قىلغان.

ئەجدادلىرىمىز جىگدە مېۋىسىدىن بىر مەزگىل پايدىلىنىپ، زېمىننىڭ زەي، شورلىرى تۈگىگەندىن كېيىن جىگدىلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، شاخ - شۇمبىلىرىنى ئايرىم، جىگدىنىڭ تىنىسىنى (غولىنى) ئايرىم هالدا تۆت چاسا ئۆيدەك بېسىپ خەندەكلەپ، خەندەكنىڭ ئۈستىگە ئوت - خەشەك سېلىپ ياكى ئەسكى - تۈسكى پالاسلارنى سېلىپ، خەندەككە شوتا قويۇپ، تاغارغا توپا ئۇسسۇپ يۇدۇپ ئاچقىپ تەكشى باسۇرۇپ، «ئاللا پوك لاي» دەيدىغان لاينى سېلىپ باسۇرۇۋېتىلگەن، ئۇ خەندەكلەرنى بىر يىل، ئىككى يىل تۇرۇپ راسا قۇرۇتۇپ بازارلاردا سېتىپ خىراجەت قىلغان.

### شاخ - شۇمبا خەندەكنىڭ بىر ياقلىق قىلىنىشى

شاخ - شۇمبا خەندەكنى چۇۋۇپ، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدىكى سۆگەت، توغراقنىڭ تال چۇۋۇقلىرىنى بىر - ئىككى كۈن سولاشتۇرۇپ پاچاقتەك قوزۇقتىن ئىككىنى بىر ياققا، ئىككىنى ئۇدۇللاپ قېقىپ، تال چىۋىقىنى قوزۇق ئارىلىقىغا سېلىپ، خەندەك قىلىپ بېسىلغان جىگدە شاخلىرىنى بىر - بىرلەپ چۇۋۇپ، ئىككى جۈپ تۆت قوزۇقنىڭ ئارىلىقىغا دەسسەپ بېسىپ، باغلام - باغلام قىلىپ باغلاپ، ئاشپەز، ناۋاي، ساماۋەرچىلەرگە ساتقان. ئۇ نەچچە مىڭ باغ ئوتۇننىڭ پۇلى بىلەن شۇ ئۆينىڭ يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرى، ئاش - ئوزۇقلىرىنى قامداپ ئۆتكەن.

### جىگدە تىنىسى (غولى) خەندەكنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

جىگدە غولىدا ئېتىلگەن خەندەكنى چۇۋۇپ، كېرەكلىرىنى بىر چەتكە ئايرىپ، ئوتۇن بولىدىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ ئايرىپ بىر ياقلىق قىلىنىدۇ.

كېرەكلىك دېگەنلىرىمىز، بۇقورسا، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، كەشكۈن، هاڭغۇق، سىياچوك، لەڭگۈك، لىڭگىلچاق، بوياقچىنىڭ قېلىپى، چوڭ توقماق بولىدىغانلىرىنى ئايرىم، كەتمەن، پالتا، چوت، گۈرجەك، زەمبىل غالتەككە ساپ بولىدىغانلىرىنى ئايرىم، هارۋىغا گۇۋەن، سوڭ، چوقاي، شادا، باستۇرما، ئوق، ياۋەن بولىدىغانلىرى ئايرىم بىر تەرەپكە قىلىنىدۇ.

چەللە باراڭلارغا ئاچا ئىشككە دەم، دۇمبار، ئوقۇر (كۆكتەي) تۆگمەنگە نۇر ئېغىل سامانلىقلار، ئىشككە شال بولىدىغان، ئۆينى يېپىشقا جەگە، كارنىۋاتقا پوت، يان، شال قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلەيدىغانلىرى ئايرىم تاللىنىدۇ.

ئوتۇن قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئايرىم شاللاپ، ئوتۇن قىلىنىدۇ. ئۇنىمۇ ئۆزلىرى قالاپ، ئېهتىياجىدىن ئاشقانلىرىنى باغلام - باغلام باغلاپ، بازارلاردا سېتىلىدۇ.

بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەهمۇد كاشغەرىي يەر ئاغدۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان بۇقۇرسا، ئۆكۈزلەرنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان بويۇنتۇرۇق، يەرگە چېچىلغان (سېلىنغان) ئۇرۇقلارنى توپىغا كۆمۈش ئۈچۈن، ئۆكۈز، ئات، ئېشەك، قېچىرلارنى سۆرۈتۈپ سالىدىغان سۆرەمنى قەلەمگە ئالغان.

«بۇقۇرسى» (بۇقۇسا) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم 333 - بەت.

«بويۇن دۇرۇق»: (بويۇنتۇرۇق) بىر ياغاچتىن ياسىلىپ ئىككى ئۆكۈزنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 247 - بەت.

«چىكنەدى»: (سۆرەم سالدى) ئادەم سۆرەم سالدى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 412 - بەت.

جىگدە دەرىخىدىن ياسالغان تېرىلغۇ سايمانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئاماچ» دېگەن.

«يىشغ»: (قېيىش) تاسما قېيىشتىن ئۆرۈلگەن ئارغامچا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 15 - بەت.

جىگدە دەرىخى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى خاسىيەتلىك دەرىخى هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دېهقانلىرى ئېتىز - ئېرىقنىڭ تۆت چۆرىسىگە چىرايلىق قىرىم (ئېرىق) ئېلىپ، جىگدە كۆچىتى قويىدۇ. سەۋەبى تېرىلغۇ زېمىنغا

كىرىۋالىدىغان «ئوغرى زەي» شور زەي دەيدىغان زەينىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنى جىگدىگە تارتقۇزىدۇ. قۇم-بوران تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسۇش، ئاچچىق شورلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپلەپ جىگدە دەرىخىنى ئاينىتقان.

## جىگدە دەرىخىنىڭ سورتلىرى

جىگدىنىڭ سورتلىرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ، 1-يېمىش جىگدە، 2-نان جىگدە، 3-قاپاق جىگدە، 4-سېرىق جىگدە، 5-ئالتۇن بارماق جىگدە، 6-قۇم جىگدە، 7-قاغا جىگدە، 8-ئۇلاق جىگدە، 9-ئۇرۇقلۇق جىگدە، 10-چارۋا يەم بوغۇز جىگدىسى، 11-سوقماق جىگدە، 12-ئاق جىگدە، 13-ئاخۇن جىگدە، 14-تەسۋىر جىگدە، 15-قىزىل شاخلىق جىگدە، 16-ئاقۇ شاخلىق جىگدە، 17-كۇمۇلەك جىگدە، 18-قارا كۆز جىگدە، 19-جاغدا (قىشلىق) جىگدە، 20-چىلگە جىگدە قاتارلىق جىگدە دەرەخ سورتلىرى مېۋە بېرىپ كەلمەكتە.

جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى، تەبىئىي.

يېمىش جىگدە دېگىنىمىز: يۇقىرىقى جىگدە دەرەخلىرىنىڭ بىر خىل سورتى. باشقا جىگدە دەرەخلىرىگە قارىغاندا تىكەنسىز. تىنىسى ياغلىشاڭغۇ چىرايلىق، كۆركەم دەرەخ، ئۇنىڭ مېۋىسى يوغان-يوغان خۇددى «خورما» شەكىلدە گۆشلۈك (ئەتلىك) بولۇپ، ئۇنىڭ تەمى تاتلىق، يېيىشلىك، كۆركەم، چىلان، گۈلە، ئۈزۈم قاتارلىق يەل-يېمىشنىڭ قاتارىسىدا داستىخانغا تىزىپ قويۇلسا مېھمانلارنىڭ مېھرىنى جەلپ قىلالايدىغان مېۋە. يېمىش جىگدە نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان تەبىئىي ھۆل سوغۇق مېۋە، ئۇيغۇر خەلقى ئەلمساقتىن بۇيان يېمىش جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى كۆزدە تۇتۇپ «جىگدە» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار يېمىش جىگدە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ، خالا جاي، ئېغىل، قوتان ئورۇنلاشتۇرمايدۇ، يۇندى ئازگىلى كولىمايدۇ. كىر-قاتلارنىڭ يۇندىلىرى تۆكۈلمەيدۇ. مۇشۇك، ئېشەك قاتارلىق تاپلار كۆمۈلمەيدۇ. يېمىش جىگدە دەرىخى قۇمسال ۋە ئېقىن سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق بويلىرىغا، تېرىلغۇ يەرنىڭ قىر قاتلىرىغا، مېۋىلىك باغ ئىچىگە سېلىنىدۇ.

يېمىش جىگدە تۈۋىگە كۆك يانتاق، قوغۇن بويىسى، چۆچۈكبۇيا، سېسىق سامان، قوناق شېخى، تېرەك، سۆگەت، يۇلغۇن قاتارلىقلارنىڭ بودىمال شاخ-شۇمبىلىرى، كالا قىغى، ئات قىغى، قوينىڭ قىغى قاتارلىقلارنى يېمىش جىگدىنىڭ تۈۋىدىن ئىككى-ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا ئېرىق ئېلىپ كۆمۈپ شۇ ئېرىقتا بىر قېتىم سۇ ماڭدۇرۇۋېتىپ، چىرايلىق تۈزلەپ قويۇلىدۇ، يېمىش جىگدىنىڭ تۈۋىنى سۈپۈرۈپ پاكىزلاپ قويۇلىدۇ. يېمىش جىگدە دەرىخىگە ئىت، ئېشەك، ئات، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلار باغلانمايدۇ. ھەتتا توخۇلار قونداق قىلىپ چىقۋالسا يۆتكىۋېتىلىدۇ.

دېمەك، يېمىش جىگدە دەرىخىنى ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ھويلىغا، باغقا سېلىپ ئۆستۈرۈپ، جىگدە چۆرىسىنى ئۆز ئۆيىدەك پاكىز تۇتىدۇ.

## يېمىش جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋېلىش

بۇنىڭ مېۋىسى يېمىش جىگدە دېيىلىدۇ، يېمىش جىگدە شېخىدا راسا پىشقاندا جىگدىنىڭ تۈۋىنى پاكىز سۈپۈرۈپ ئەخلەتلىرىنى نېرى ئاپىرىپ تازىلاپ، جىگدە ئاستىغا داستىخان سېلىپ، جىگدىلەرنى سېرىپ، بوي يەتمىگەن ئېگىز شاخلارنى خادا بىلەن ئۇرۇپ قېقىپ، داستىخانغا دۆۋىلىنىدۇ، ئۆتكەمە، غەلۋىر، زەمبىل شەكىلدىكى سىم تاسقاقتا توپا-تۇمان، چاۋار چوكۇن، جىگدە غازاڭلىرى غەلدە-غەشتاملاردىن ئايرىپ، كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان پېشايۋان سۇپىسىدا قۇرۇتۇۋېلىنىدۇ ياكى «قاق» سېلىنىدۇ.

يېمىش جىگدە رەسمىي قۇرۇپ «قاق» بولغاندىن كېيىن، باشقا يەل-يېمىشلارغا ئوخشاش ساقلىنىدۇ. جىگدىدە نەملىك تۈگىگەندىن كېيىن، 50 ـ 60 كىلو جىگدە سىغىدىغان باغلىق توغرا سېۋەت، «ئاياغلىق» دەيدىغان چوڭ سېۋەت، بادالڭ، كات، ساندۇق، خالتا، تاغار قاتارلىقلارغا قاچىلاپ، ئۇنىڭغا قۇرت، قوڭغۇز، چاشقان، مىتە، قۇرت قاتارلىق زىيانداشلاردىن ساقلاش ئۈچۈن، قاسساپ گۆش ئاسىدىغان ئىلغا (چەيراز) لارنى ئېگىز خار، جەگە، جەن قاتارلىق جايغا باغلاپ، شۇنىڭغا ئېسىپ ساقلايدۇ، بۇنىڭغا مىتە قۇرت چۈشمەسلىك ئۈچۈن، كاۋاۋىچىنى يۇمشاق سوقۇپ ھېچبولمىغاندا خالتىلىق تۇزنى ياكى گۆلدەك شور تۇز شېغىللىرى ئارىلاشتۇرۇپ ساقلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلار مېۋە-چېۋە يەل-يېمىشلارنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، تۈرلۈك ئىچىملىك ۋە ساغلاملىقا ئائىت شىرنە-شەربەتلەرنى ياسىغانلىقى نۇرغۇن مېۋە-چېۋىلەرنى، يەنى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى «قاق» دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئىزاھات

بەرگەن.

«قاتۇت»: (قاق) ئامۇت قاتۇتتى — ئامۇت قېقى (بارسغانچە)

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 414-بەت.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئالما، قارىئۆرۈك، قوغۇن، ئەنجۈر، شوخلا، مۈچ، پىدىگەن، جىگدە قاتارلىق نۇرغۇن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى «قاق» دېگەن سۆز مۇناسىۋىتى بىلەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، ئەلمىساقتىن بۇيان نۇرغۇنلىغان يېمەكلىكلەرنى قۇرۇتۇپ، ئۇنى «قاق» دەپ ئاتاپ كەلگەن. مانا بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قاتارىدا يېمىش جىگدىمۇ بار، «چاخشاق»: «ئۆرۈك قېقى ۋە ئۈزۈم ۋاسالغۇسى».

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 613-بەت.

## قاپاق جىگدە

قاپاق جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىسى قاپاق جىگدە دېيىلىدۇ، بۇمۇ ئانا دىيارىمىزدا ئۆسۈپ مېۋىلەۋاتقان بىر خىل دەرەخ، بۇنىڭ مېۋىسى يېمىش جىگدىدىن سەل كىچىك، قاغا جىگدىدىن سەل چوڭ، قارىئۆرۈكتەك چوڭلۇقتىكى ئاق پىشماق جىگدە قاپاق جىگدە دېيىلىدۇ.

ئۇنى يېمىش جىگدىگە ئوخشاش ئۇسۇلدا سېرىتىۋېلىپ، پاكىز ئادالاپ يېيىشكە، گىردە ۋە باشقا نانلارنىڭ يۈزىگە سېپىدىغان شەربەت سىقىپ چىقىرىشقا، باشقا خىلدىكى مېۋىلەر بىلەن تەڭشەپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئىچىملىك ياساشقا، گۆلە، كۆنجۈرە، قوناق يامىسى، كېپەك، شاپاق قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ داش قازاندا قاينىتىپ، چارۋا بورداشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## يەم - بوغۇز جىگدىسى

يەم - بوغۇز جىگدىسىنى ئۆز شېخىدا قۇرۇتۇپ، خادا بىلەن ئۇرۇپ قېقىۋېلىپ، شامالغا سېلىپ، چاڭ-توزان، توپا-تۇماندىن ئادالاپ، ئىلمەك قوناق، شۇپۇرگە قوناق، سېرىق قوناق، قۇرۇتۇلغان تاۋۇز، كاۋا شاپاقلىرىنى داشتا قاينىتىپ، كېپەك، ئۇن سېپىپ، ئۇلاغ بوردايدۇ، بۇ يەم-بوغۇز جىگدىسى دېيىلىدۇ.

## ئۇرۇقلۇق جاغدا جىگدە

ئۇششۇك تېگىپ، جىگدىنىڭ غازاڭلىرى چۈشۈپ كەتسىمۇ، قارا قىشتىمۇ شېخىدا تۇرىدىغان سايىقى چىڭ، شامال بوراندا قېقىلىپ كەتمەيدىغان، ئۇرۇقلۇق قىلىش، ئۇلاغ بورداش، توخۇ، غاز، بېقىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان جىگدە جاغدا جىگدە دېيىلىدۇ.

## قاغا جىگدە

بۇ باشقا جىگدە دەرەخلىرىگە قارىغاندا ئىنتايىن كۆپ مېۋىلەيدىغان، يوپۇرماق ساپاقلىرى قىسقا، چېچىكىمۇ خېلى قىسقا، شەكلى كۈمۈش رەڭ، ئىچكى يۈزى توق سېرىق، چېچەكنىڭ چوققىسى توق تىلىم يېرىلغان. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق مېۋە بولۇپ، ئېللىپس ياكى شار شەكلىدە سېرىق ۋە توق قىزىل بولىدۇ. قاغا جىگدە 5-ئايدا چېچەكلەپ، 10-ئايغىچە مېۋىلەيدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان دەرەخ، قاغا جىگدە مېۋىسىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، چارۋاماللارنىڭ مىجەزىگە يېقىشلىق دەرەخ.

قاغا جىگدە هاراق ئېچىتىش، ئىچىملىك تەييارلاش، دورا - دەرمەك ياساشنىڭ خام ئەشياسى، ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيدىغان شورلۇقتا ئۆسۈۋېرىدۇ، تۆت - بەش يىلدىن كېيىن چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا قوغۇن - تاۋۇز تېرىسا، 20% لىك قەنت تەركىبىگە ئىگە قوغۇن پىشىدۇ.

قۇم - بوران، سۇلارنى توسۇپ تۇپراقنى تۇراقلاشتۇرىدۇ، شامال بوران، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسىدۇ، يول بويلىرىنى كۆكەرتىش، قوش قەۋەتلىك ئوتلاق بەرپا قىلىشتىكى ئەلا سورتلۇق دەرەخ، قاغا جىگدە ئائىلىسىدىكى جىگدە ئۇرۇقدىشىغا تەۋە خاسىيەتلىك ھەسەل مەنبەسى.

## جىگدە دەرەخ مېۋىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىكى رولى

جىگدە مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئۆسۈرۈۋېرىدىغان دەرەخ. ئۇنىڭ سورتلىرى كۆپ، سورتلارنىڭ رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، ھەر بىرىنىڭ تەمى ئوخشاش ئەمەس، ئۇنىڭ مېۋىسىدە جىگدە مۇراببىاسى، جىگدە شەربىتى، جىگدە سۈيى ئىچىملىكى، تېتىتقۇ، شېكەر ئىشلەش ئەشياسى، سەپەر ئۈستىدە قۇرۇق يەپ ئۇسسۇزلۇقنى توسۇش، تەشنالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۈچەينى سىلىقلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئۇنىڭ گۈلىدە ھەسەل ھەرىسى بېقىش، گۈلقەنت ئىشلەش، مېۋىلىرى، غازاڭلىرىدا قوي - چارۋا بېقىش، زېمىننىڭ زىيىنى تارتقۇزۇپ، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رولى بار.

جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىسىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى تەبىئىي يېمەكلىك ھەم يەرلىك يېشىل

www.uyghurkitap.com



يېمەكلىك، ئۇنى نان ئورنىدا ئۆز پېتى يېيىشكە، كۆن نۇرىدا ئوبدان قورۇتۇپ، تالقانلاپ ئىستېمال قىلىشقا ياكى خېمىرگە قوشۇپ نان يېقىپ، ئوزۇق قىلىشقا بولىدۇ. جىگدە مېۋىسىنى چىلان، شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك گۈلىسى، ناۋات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چىلاپ، سوغۇق ئىچىملىك قىلىشقا، چىلانغان سۈيىنى قىلىن ئەگلەكتە 1 - دەرىجىلىك «توق تىغ» سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەلا دەرىجىلىك ئۇننى چىلىپ قاينىتىپ، شىپالىق ھەم لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشقا بولىدۇ. جىگدىنى ئۈچ بۆرجەك تۇمارچە تىكلىگەن ئىككى قات رەخت خالتىغا ئېلىپ، ئىسسىق سۇغا چىلاپ شەرۋەتنى چىقىرىپ، ناننىڭ يۈزىگە سېپىپ، «شەۋەتلىك گىردە» دېگەن شىرمان ناننى يېقىپ، يۈزلىرى شەۋەتلەنگەن پارقىراق، تەملىك، يېيىشلىك نانلارنى تەييارلاشقا بولىدۇ.

جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىسىلا دورا بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ يىلتىزى، قوۋزىقى، يوپۇرمىقى، يېلىمى، يالتىراپ تۇرغان چوغى، ئىسسىقى، كۆلى قاتارلىقلار دورا ماتېرىيالى قاتارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ. جىگدە يوپۇرمىقىنى سوقۇپ جاراھەت ئۈستىگە سەپسە، يارىنىڭ سۈيىنى، زەھىرىنى تارتىدۇ.

جىگدە دەرىخى زېمىنىنىڭ نەملىكىنى تارتىدۇ. يەرنىڭ ئاچچىقى تۈگەيدۇ. جىگدە يوپۇرمىقىنى كۆيدۈرۈپ، كۆلىنى توق ئەگلەكتە تاسقاپ، پات ئېغىز ئالماي كېچىسى كېتىۋاتقان جاراھەت ئاغزىغا سېپىپ بەرسە، جاراھەتنىڭ ئاغزى پات قورۇلۇپ ساقىيىدۇ. جىگدە يوپۇرمىقىنى ھاۋانچا بىلەن سوقۇپ يېغىنى چىقىرىپ، رېماتىزم ۋە ئاغرىغان ئۇستىخانلارنى ياغلاپ ئاغرىق پەسەيتىشكە بولىدۇ.

جىگدە يېلىمىنى سۆڭەك (سۇنۇق)لارنى داۋالاشقا، چاچ ئاسراش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. جىگدە چوغى كىچىك بالىلاردىكى «سوخ» دېگەن كېسەلنى داۋالاشقا، ئاغرىغان بەل ئۇستىخانلارنى قاخلاپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكە شىپا بولىدۇ.

## جىگدە دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىنىڭ شىپالىق رولى

جىگدە دەرەخ مېۋىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق، بولۇپ تۆۋەندىكىچە شىپالىق رولىغا ئىگە.

ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىي تورمۇزلاش، قان تازىلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، خۇشاللاندۇرۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش قاتارلىق شىپالىق قىممىتى بار بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، بەدەن ئاجىزلىقى، تولغاق، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، كۆز قارانغۇلىشىش، سۈيدۈك تېمىپ قېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

جىگدە ئىسسىق مىجەزلىك كىشىگە ياقىدۇ.

جىگدە تەركىبىدە قەنت، ئاقسىل، تانىنىن، ۋىتامىن، كالتسىي بولۇپ، بەدەننى ئوزۇقلۇق قىممىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا جىگدە مېۋىسىنى ئۆز پېتى يەپ، ئوماچقا ۋە باشقا خالىغان ئاشلارغا سېلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، ھازىرمۇ يەرلىك خەلقلەر «جىگدە شەربىتى» تەييارلاپ ئىستېمال قىلماقتا.

ئۇيغۇرلار ئەل ئىچى تېبابىتىدە جىگدە مېۋىسى كۆپ ئىشلەتكەچكە، سەھرالاردا ئۆي - ئۆيدە جىگدە ساقلايدۇ. جىگدىنىڭ يېلىمى ساناەتتە ۋە داۋالاش ئىشلىرىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھازىر يېلىمنىڭ بىر كىلوسى 100 يۈەن سېتىلىۋاتىدۇ.

## جىگدە چېچىكىنىڭ شىپالىق قىممىتى

جىگدە چېچىكىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، ئۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى قوزغاش، يۇقۇملۇق كېسەللەردىن مۇداپىئەلىنىش، ھەر خىل مېڭە كېسەللىكلەرگە، كۆكرەك ئاغرىقىغا، دەم سىقىلىشقا، ئۆپكە جاراھەتلىرىگە، ئاشقازان، باھنى قۇۋۋەتلەشكە، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئېچىشقا، بەزگەك كېسىلىگە، تالنىڭ بۇزۇلۇشىغا شىپا بولىدۇ. جىگدە چېچىكىنى ھاۋانچىدا سوقۇپ خېمىر قىلىپ جاراھەتلەرگە تېڭىش، قاينىتىپ مۇپاسىل پەيلىرىنى ياغلاشقا پايدىلىق. ئۇ يەنە چاچ ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، جىگدە غازىڭىنى كۆيدۈرۈپ سوقۇپ جاراھەتكە سالسا ئىتتىك ساقىيىدۇ.

جىگدە چېچىكىدە ياسالغان گۈلقەنت ئەر - ئاياللاردىكى بەل، بۆرەك، بالىياتقۇ، ئاشقازان سوۋۇپ ئاجىزلاشقانلارغا گۈلقەنت تېپىلمىغاندا، جىگدە ھەسىلىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (تەبىئىي پەن قىسمى) 2012 - يىلى 2 - سان، 61 - بەت.

2 - «مىراس» ژۇرنىلى 2011 - يىلى 3 - سان، 11 - بەت.

3 - «مىراس» ژۇرنىلى 2012 - يىلى 2 - سان، 67 - بەت.


(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيونېرى)

# ۋاپادارلىق



يار بىلەن يۈرەك باغرىم،
شەرتكە ۋاپا قىلدىڭمۇ ؟
يار قولغا ئاسان كەلمەس،
مۇشكۇللۇكنى بىلدىڭمۇ ؟

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
پۇتلىرىڭغا تاش قوياي.
ئۆز ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن،
ئايىغىڭغا باش قوياي.

مېنىڭ ئىككى يارىم بار،
بىرى ئالىم، بىرى زالىم.
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق،
بىرىگە كۆيىدۇ جانىم.

ھەي ئاغىنە ئالدىرىما،
ياخشى- ياماننى كىم بىلۇر.
ياخشى يارنىڭ ئەقلى بولسا،
بىز سايان ئۆزى كېلۇر.

ئاشىق تۇتساڭ مېنى تۇت،
بىر كۈن كېرەك بولۇرمەن.
دۇشمەنلىرىڭ ئالدىدا،
مەرد، يۈرەكلىك بولۇرمەن.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
خام ئالمىنى يەمدۇ كىشى.
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
باشقىسىنى دەمدۇ كىشى.

ئەتە كېلىڭ، ئۆگۈن كېلىڭ،
كەچتە كەلمەڭ كىيىم يېلىڭ.
قىلغان ۋەدە ئەستە تۇرسۇن،
سىز ئايرىلماس يارىم مېنىڭ.

خالتا كەپتۇ ئايىمدىن،
يىراقتىكى يارىمدىن.
يارىم كەلسە مەن تەييار،
كېچەي تۇرقى- بارىمدىن.

مەن كۈتەرمەن يارىمنى،
يارىم ھايات بولسىلا.
ئېچىلۇرمەن غۇنچىدەك،
بىرلا قاراپ قويسىلا.

يارىم مەلگە كەتتى،
ماڭدىم مەنمۇ كەينىدىن.
تا ئۆلگىچە سۆيىمەن،
يانمىسىلا لەۋزىدىن.

قاشلىق دېسەڭ ئوسما بار،
تىكلەپ قويدۇم ئەينەكنى.
بۇ ئۆمۈردە سۆيمەسمەن،
سەن يارىمدىن بىلەكنى.

ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە،
ئوتمۇ كەتمەس يۈرەككە.
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

ئاداشىم - قەلەمقاشىم،
دەريا بوپ ئاقار ياشىم.
شەرت قىلىپ قەسەم قىلاي،
سەندىن بۆلەك يوق ئاداشىم.

ئىشىك ئالدى چىناردۇر،
قۇشلار كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتماق،
كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر.

باغچامغا گۈل تېرىسام،
گۈلۈم ئۈستى شاخلىنىپ.
كۆڭلۈم بولدى ئازادە،
يار ئالدىدا ئاقلىنىپ.

چىچەك نېمە ئۈسمەيدۇ،
قارلىغاچ قاناتىدەك.
ئايرىلدۇق دەپ غەم قىلما،
ئويناپمىز ئاۋۋالقىدەك.

ئاغزىڭنى تاتلىق قىلغان،
ناۋات بىلەن قەنت ئەمەس.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلما،
باغرى قاتتىق مەن ئەمەس.

قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن،
يۈگۈرۈپ چىقتى بوز توشقان.
قانداق ئايرىلاي سەندىن،
ئەسلىدە خۇدا قوشقان.

تاشمايماق سېتىلمايدۇ،
ئىچ مايغاق تېپىلمايدۇ.
بىزنىڭ ياردەك مېھرىبان،
ئىزدىسەڭ تېپىلمايدۇ.

قىلۋىدىن شامال چىقسا،
گۈل شاخىنى قايرىيدۇ.
خۇدا قوشقان يارىمنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ؟

بېغىمدىكى قىزىلگۈل،
ئېچىلدۇ، سۇنمايدۇ.
مېنىڭ يارىم مېھرىبان،
باشقىسىغا ئۇنمايدۇ.

ئىككى دۆڭنىڭ ئاراسى،
ئۆتكىلى بولماس ئېقىن.
تىللىسمۇ ئانىسى،
يار بىلەن بىز بەك يېقىن.

غەم باستى دەپ قورقمايمەن،
يارىم كېلۈر يېنىمغا.
مەن قالسام يامان كۈندە،
ئارا تۇرار جېنىمغا.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
كىيىپ باققۇم كېلىدۇ.
سەن ئۈچۈن جېنىم يارىم،
سۇدا ئاققۇم كېلىدۇ.

دۇتارىمنى ساز قىلغان،
پەدە بىلەن قوشتارى.
ئايرىلمايمەن يارىمدىن،
ئۇ كۆڭلۈمنىڭ خۇشتارى.

ئالما، ئانار گۈل شاخى،
سۇنمىغۇچە قايرىلماس.
چىن يۈرەكتىن سۆيگەن يار،
ئۆلمىگىچە ئايرىلماس.

دىلئارا تۈگكەن تۈگۈچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.

ئەتلەس كۆڭلەكىم بولسا،
تاۋار - دۇردۇن دېمەسمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار،
باشقىسىنى سۆيمەسمەن.

ئايمىخاننىڭ مىنگىنى،
ئالا پاچاق تورۇق ئات.
ئايمىخانلار بار يەردە،
باشقا يارلار بىزگە يات.

باغ ئارامنىڭ يولىدا،
باغ ئالمىسى مەن بولمەن.
يۇراپ ئالسا يادىغا،
جۇپ پارىسى مەن بولمەن.

بېغىڭدىكى ئالمىنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
ئەمدى تاپتىم خىلمىنى،
باشقىسىنى كۈتمەيمەن.

بېغىڭدىكى ئۆرۈكنىڭ،
شېخىنى ئېگىپ يەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن،
ئۆلگۈچە سېنى دەيمەن.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى،
ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن.
يارىم، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ،
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.

ئىشىك ئالدى گۈل ئوسما،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتماسمەن.
ئامرىقىم چىرايلىقنى،
ئۆلگۈچە ئۇنۇتماسمەن.

ئىككى دۇنيا دوست بولغانلار،
بەختىيار ياشار.
باشقا كۈلپەت كەلگەندىمۇ،
داۋانلار ئاشار.

بىزنىڭ يارلار ئوبدان يارلار،
مىلىس ئوينايدۇ.
شۇنداق ئوبدان يىگىتلەرگە،
پوتا سالمايدۇ.

قاتار - قاتار تېرەكلەرگە،
قاغا قونالماس.
بىز ئوينىغان جۇگانلارنى،
ھېچكىم ئوينىيالماس.

قىينىساڭمۇ قىيناۋەرگىن،
گۇناھىم باردۇر.
سەندىن باشقا يارىم بولسا،
خۇدايىم باردۇر.

تاماكىنى چەككەن بىلەن،
غىزا بولامدۇ؟
يارىم، سەندىن ئايرىلسام،
كۆڭۈل ئۇنامدۇ؟

ئاتام كەچسە مەن كەچمەيمەن،
سەن نىگارىمدىن.
سېنىڭ ئۈچۈن راست كېچىمەن،
ئەزىز جانىمدىن.

بارغىن دەيدۇ، يانغىن دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈڭنىڭ.
مەن نېمىلا قىلغان بىلەن،
يارىم ئۆزۈڭنىڭ.

كۆيدۈرسىمۇ - ئۆلتۈرسىمۇ،
يارىم ئۆزۈڭنىڭ.

دەردى بولسا تەڭ تارتىمىز،
شورى ئۆزۈڭنىڭ.

قەلەمقاشلىق نىگارىمنىڭ،
يايىنى ئالسام.
مەن يارىمغا قەست قىلغاننىڭ،
جانىنى ئالسام.

چىراغىنىڭ پەرۋانىسى،
ئوتتىن يانارمۇ؟
سۆيگەن كىشى يارىدىن،
جانىنى ئايارمۇ؟

يارىم مىنگەن شۇ ئاتنىڭ،
ئېگەرى كۈمۈش.
نە ئارماندۇر يار ئۈچۈن،
يىگىتكە ئۆلۈش.

مەن يارىمنى تېگىپ ئالاي،
كۆيۈپ تۇرغان باغرىمغا.
يارنى دەپ ئۆلۈپ كەتسەم،
ئاغرىنمايمەن جانىمغا.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نۇرى دەيمەن.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

ئۆلۈغ سۇدىن ئۆتەلمەي،
قاش ياقىلاپ يۈردۈڭمۇ؟
ۋاپادارىدىن يۈز ئۆرۈپ،
ۋاپاسىزغا تويدۇڭمۇ؟

«تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.

تەييارلىغۇچى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**





# كوسراپلىقلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ- ئادەتلىرى

ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد

كوسراپلىقلار ــ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كوسراپ يېزىسىدا ياشىغۇچى خەلق. كوسراپ يېزىسى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ غەربى، يەكەن دەرياسى ۋە بۇ دەرياغا قوشۇلىدىغان يازاق، چارلۇڭ دەريالىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان تاغلىق يېزا.

كوسراپلىقلار قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىدىكى قاتمۇقات تاغلار ئارىسىنى ماكان تۇتۇپ يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ خىل بېكىنمە ھالەتتىكى جۇغراپىيەلىك مۇھىت ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئۆرپ- ئادىتى، يەرلىك شىۋىسى، ناخشا- ئۇسسۇل، ئەدەپ- ئەخلاق قارىشى قاتارلىق تەرەپلەردە يەرلىك خاسلىقى كۈچلۈك بولغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئۇنى بۈگۈنكى زامان تۈرلۈك مودا مەدەنىيەتلەر تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىش جەھەتتە زور رول ئوينىغان. شۇڭا كوسراپلىقلارنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى ئىچىدىكى ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان، ھەم قويۇق ئەنئەنىۋىلىكنى ساقلاپ قالغان مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ھالىتىدە جەلپكارلىققا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. يەنە شۇنى ئەسلەش ھاجەتكى، كوسراپ يېزىسى قەدىمكى يەكەن- تاشقورغان كارۋان يولىنىڭ (يىپەك يولى) شىمالىي بۆلىكىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغاچقا، كوسراپلىقلار تارىختا تۈرلۈك دىن، مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ ئەتراپىدىكى قىرغىز، تاجىك قاتارلىق قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئۆزگە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇھىتى كوسراپلىقلارنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە تېخىمۇ ئۆزگىچە ھۆسن قوشقان.

### 1. جەمئىيەت تۈزۈلمىسى

كوسراپلىقلار ئەرلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانسا، ئاياللار

ئاساسەن ئائىلە ئىشلىرى، يۇڭ ساۋاش، يىپ ئېگىرىش، پالاس توقۇش، كىگىز ئېتىش، پىلە قۇرتى بېقىش، كىيىم - كېچەك تىكىش ۋە ياماش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان.

بازار شەكىللەنمىگەن بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى يىغىۋالغان نەرسىلەرنىڭ تاۋارلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ماددىي بۇيۇملارنى تەڭ قىممەتكە ئالماشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان.

كوسراپلىقلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە جەمەت تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان. پۈتكۈل ئاۋام - خەلق سەرىغلار، چوكچىلار، شولوغلار، ئېشەكچىلەر، ھاكىمتۇتلار، قوتانلار ۋە كورلىلاردىن ئىبارەت جەمەتلەرگە بۆلۈنگەن. جەمەت كوسراپ شېۋىسىدە «توپ» دەپ ئاتالغان. كوسراپلىقلارنىڭ جەمەت قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۆزلىرىنى چوڭ جەھەتتىن «ھەممىمىز كوسراپلىق — بىر ئەۋلاد» دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئايرىم جەھەتتىن ئۆزىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن تەۋەلىكىنى ئۆز نەسەبى بولمىش جەمەت (توپ)كە مەنسۇپ قىلىپ كەلگەن، ھەرقايسى جەمەتنىڭ ئۆز ئاقساقاللىرى بولغان. بۇ ئاقساقاللار شۇ جەمەتلەر ئىچىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر موي سېپىتلاردىن بەلگىلەنگەن، ئائىلە - نىكاھ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، جامائەت سورۇنلىرىدىن تارتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان - سېلىقلىرىغىچە جەمەت ئاقساقاللىرى يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن. كوسراپ 1912 - يىلى يۇلى ناھىيەسى (تاشقورغان)گە تەۋە يېزا بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يۇرت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا يەنىلا جەمەت ئاقساقاللىرى تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان. پۈتۈن يېزا خاراكتېرلىك چوڭ ئىشلار يۇلى ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن يەرلىك بەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەمەت ئاقساقاللىرى كېڭىشى ئارقىلىق بېكىتىلگەن، 1956 - يىلىدىن باشلاپ جەمەت تۈزۈمى ئەمەلدىن قېلىپ، كوسراپ يېزىسىدا تۆت كەنت، بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى، سەككىز مەھەللىدىن ئىبارەت مەمۇرىي تۈزۈملەر ئورنىتىلغان، كوسراپلىقلار كوپېراتسىيەلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغان.

**2. ئىقتىسادىي ئەھۋالى**

(1) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەھۋالى

دېھقانچىلىقتا قوناق، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، بۇرچاق، دادۇر، زىغىر، زاغۇن، كەندىر، ئاپتاپپەرەس، قوغۇن، تاۋۇز ۋە ھەر خىل ئوتياش - چامغۇرلارنى تېرىشنى، ئۆرۈك، ئۈجمە، ئالما، ئانار، ئۈزۈم، جىگدە، ياڭاق، تېرەك، سۆگەت... قاتارلىق دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي، ئەچكۈ (ئۆچكە)، قوتاز، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ. دېھقانچىلىق ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى مۇنبەت تۇقايلىقلاردا، چارۋىچىلىق ئېگىز يايلاقلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كوسراپلىقلارنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە دېھقانچىلىق رايونلىرى «كەن»، چارۋىچىلىق رايونلىرى «قى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كوپېراتسىيەلىشىش دەۋرىدىن بۇرۇن ھەر بىر ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي تېرىلغۇ يېرى ھەم يايلىقى بولغاچقا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقتا مۇقىم بولغان ئىش تەقسىماتى شەكىللەنمىگەن كوسراپ يېزىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ نوپۇس بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن (تەخمىنەن 0.3 مو ئەتراپىدا) بولغاچقا، ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا كوسراپلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا دېھقانچىلىققا نىسبەتەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كوسراپلىقلار چارۋا ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى يەكەن ناھىيەسىنىڭ كاچۇڭ قوشراپ يېزىلىرى، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزىسىغا ئاپىرىپ قوناق، بۇغداي، گۈرۈچ، تېرىقلارغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ كەلگەن، كوپېراتسىيەلىشىش ۋە نورملىق ئاشلىق سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كوسراپلىقلاردا يەنىلا چارۋىچىلىق ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

كوسراپ يېزىسى تەۋەسىدىكى يايلاقلار ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا جايلاشقان، يەر تۈزۈلۈشى تەكشى ئەمەس، قاتنىشى قولايسىز، شەھەر، بازارلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، بۇ خىل ئاجىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىت شارائىتىدا، كوسراپلىقلار چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا مۇناسىپ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

① چارۋا ماللارغا ئەن - تامغا سېلىش ئادىتى: ھەر بىر ئائىلە ئۆز چارۋا ماللىرىنى تونۇش، پەرقلەندۈرۈش، يوقىلىپ كەتكەنلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئەن - تامغا سالىدۇ. بۇ ئەن - تامغىلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەن - تامغىلار تىلما ئەن، ئويما ئەن، كەسمە ئەن، تۆشۈك ئەن، چۆلتەك ئەن، قالاغاچ ئەن، جىگدە ئۇرۇقى

www.uyghurkitap.com



ئەن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەن ـ تامغا چارۋا ماللارنىڭ قۇلىقىغا سېلىنىدۇ. بىر ئەننى بىر قانچە ئائىلە ئىشلىتىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر ئائىلە ئىشلەتكەن ئەن ـ تامغىنى ئىككىنچى بىر ئائىلە ئىشلەتمەيدۇ، ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا يەنە باشقا بىر ئەننى قوشىدۇ. ئەن سالغاندا چارۋا ماللارنىڭ قۇلاقلىرىغا دىققەت قىلىنىدۇ، بىر ئەننى بىر ئائىلە ئوڭ قۇلاققا سالسا، يەنە بىر ئائىلە سول قۇلاققا سالىدۇ.

چارۋا ماللارغا ئەن ـ تامغا سېلىش ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1 ـ توم، 77 ـ بەت ئۇيغۇرچە نەشرى)تە، ئوغۇزلاردىكى 22 قەبىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا چارۋا ماللىرىغا سېلىنىدىغان ئەن ـ تامغىلىرى بارلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەن ـ تامغىلار بىلەن كوسراپىلىقلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئەن ـ تامغىلارنى شەكىل جەھەتتىن پەرقلەندۈرگىلى بولمىسىمۇ، مەقسەت، مەنە جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەقلىي خۇلاسە شۇكى، بىرىنچى، چارۋا ماللارغا ئەن ـ تامغا سېلىش ئەنئەنىسى تەدرىجىي يوقاپ كېتىۋاتقان ئادەتلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، كوسراپىلىقلارغا ئوخشاش چەت ـ يىراق جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەردە يەنىلا ئىزچىل ساقلىنىپ قالغان؛ ئىككىنچى، ئەن ـ تامغا سېلىش پەقەت چارۋا ماللارنى پەرقلەندۈرۈش، ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان ئاددىي بەلگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا تەدرىجىي ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنى راستچىل، سەممىي بولۇشقا، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشقا، ئۆز ئەجدادىغا سادىق بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت بىر خىل مەدەنىيەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

② مېھمانغا ئاق تۇتۇش ئادىتى: كوسراپىلىقلار ئۆيىگە مېھمان كەلسە خۇشاللىق ھېسابلايدۇ، مېھماننى خىزىر ئورنىدا ھۆرمەتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مېھمان كېلىش چارۋىچى ئۈچۈن خىزىر رولىنى ئوينىغاندىن كۆرە، ئەڭ مۇھىمى مۇڭدىشىش، شۇ ئارقىلىق بىر مەزگىللىك يالغۇزچىلىق، زېرىكىشلىك ئاسارىتىنى يېنىكلىتىش رولىغا ئىگە بولىدىغانلىقى ئېنىق. كوسراپىلىقلار يايلاققا كەلگەن ئادەم مەيلى يوقلاپ كەلگەن بولسۇن ياكى ئۆز ئىشى بىلەن كەلگەن بولسۇن ۋە ياكى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مېھمان دەپ بىلىدۇ. يىراقتىن بىرەر كىشىنىڭ ئۆز كەپىسى (كاپىسى)گە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھامان، شۇ قىردىكى ھەممە ئائىلىگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ھەر بىر ئائىلىدىن بىر ئادەم بىر تاۋاقتىن ئاق (سۈت، قېتىق، قايماق) ئېلىپ مېھماننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ، ئالدىن بارغان ساھىبخانا مېھماننىڭ ئات ـ ئۇلىغىنى دەرھال قولىدىن ئېلىپ، سالام ـ سەھەت قىلغاچ ئەكەلگەن ئاقنى سۇنىدۇ، مېھمانمۇ سالام ياندۇرۇپ بولۇپلا، ئاقنى بىر يۇتۇم ئوتلاپ (ھەممىنى ئىچىۋەتسىمۇ بولىدۇ) ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ. باشقا ئائىلىلەرنىڭ ئاقلىرىمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. بۇ مېھمانغا ئاق تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا كوسراپىلىقلارنىڭ مېھماننى ھۆرمەتلەش، ئادەمگەرچىلىكنى ئەلا بىلىش، ئاقنى ئۇلۇغلاش قارىشى نامايان قىلىنىدۇ.

③ ئەركىتىللا ۋە غەرۋاز ئوقۇش ئادىتى: ئەركىتىللا ۋە غەرۋاز ئوقۇش چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىچە ناخشا ئوقۇش ئادىتى بولۇپ، ئاھاڭى مۇقىم، تېكىستى ئەركىن بولىدۇ. ئەركىتىللا ناخشىسى دىيالوگلىشىش شەكلىدە ئوقۇلىدۇ، يايلاقتا مال بېقىۋاتقان چارۋىچى يەنە بىر يايلاقتا يۈرگەن ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان، ئۇ كىشىگە قارىتىپ يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئوقۇيدۇ، ناخشىنى ئاڭلىغان قارشى تەرەپمۇ شۇ ناخشىغا جاۋابەن ناخشا قايتۇرىدۇ (دىيالوگنىڭ قېتىم سانى چەكلەنمەيدۇ)، بۇ ئەركىتىللا ئوقۇش دېيىلىدۇ. ئەركىتىللا ئاتالغۇسى ئەرك تىل (تىللار) سۆزلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئەركىن ـ ئازادە ئوقۇلىدىغان ناخشا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان يەرلىك شىۋە سۆزدىن ئىبارەت. ئەركىتىللا ئوقۇش جەريانىدا ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىش چەكلىنىدۇ، مۇبادا قارشى تەرەپ ئاڭلىماسلىق ياكى ئەركىتىللا ئوقۇيالماسلىق سەۋەبىدىن ناخشا قايتۇرمىسا، ئەركىتىللا باشلىغۇسى تەرەپ:

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا،
بېيىتمنى ياندۇرمىغان،
قايسىكىن دىلى قارا.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇش ئارقىلىق نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

غەرۋاز ئوقۇش — پادىچىلار يالغۇز قېلىپ غېرىبلىق

ھېس قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىلىرى ياكى ئۆز مەھەللىسىنى سېغىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە پەس ئاۋازدا ناخشا ئوقۇيدۇ، بۇ غەرۋاز ئوقۇش دەپ ئاتىلىدۇ. غەرۋاز نامى غېرىب + ئاۋاز سۆزلىرىدىن تۈرلەنگەن، غېرىبلىقتا ئوقۇلىدىغان ناخشا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان يەرلىك شىۋە سۆزىدىن ئىبارەت.

ئەركىنلا ناخشىسى ناھايىتى جۇشقۇن، تېتىك كەيپىياتتا ئوقۇلىدۇ، ئادەمنى روھلاندۇرۇپ كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، كائىناتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ، غەرۋاز ناخشىسى گەرچە تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇلسىمۇ، لېكىن ئاھاڭى ناھايىتى مۇڭلۇق، ئادەمنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ.

④ كېپەك تېكىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەش ئادىتى: كوسراپلىقلاردا ئۆز نەسەبىنى تېكىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش قارىشى شەكىللەنگەن بولغاچقا، توي ـ تۆكۈنلەردە، خېمىردىن تېكە مودېلى پىشۇرۇپ بىر پارە ناننىڭ ئۈستىگە قويۇش، مەشرەپلەردە ياغاچتىن تېكە مودېلى ياساپ راۋاب بىلەن ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىش، ئەجدادلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا تېكە مۈڭگۈزى ئېسىپ قويۇش ئادىتى شەكىللەنگەن.

⑤ كالا يېڭى تۇغقاندا، ياۋاش بولىدۇ دەپ، تۇغقان ئورنىغا قوزۇق قېقىپ قويىدۇ. سۈتلۈك بولىدۇ دەپ، كالىنىڭ دۈمبىسىدىن سۇ قۇيىدۇ. قايماقلىق بولىدۇ دەپ، يوتقان ـ كۆرپىدەك قېلىن نەرسە يېپىپ قويىدۇ.

(2) باغۋەنچىلىك ئەھۋالى

كوسراپلىقلاردا مەخسۇسلاشقان باغۋەنچىلىك ۋە باغۋەنچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كەلمىگەن، ئەمما



ئۇلار مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. كوسراپلىقلارنىڭ ئېڭىدا مېۋىگە قانچە كۆپ ئادەمنىڭ ئاغزى تەگسە، مېۋە دەرىخى قويغۇچىغا ساۋابى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، دېگەن قاراش كۈچلۈك بولغاچقا، مېۋە ـ چېۋىلەرنى باشقىلارنىڭ يېيىشىدىن قورۇيدىغان، ساتىدىغان ئادەت يوق. مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە ئۈجمە دەرىخى بەكرەك ئەتىۋارلىنىدۇ. چۈنكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدا پىلە بېقىش ئېھتىياجىدىن كۆرە، ئۇنىڭ بالدۇر پىشىپ، كېيىن تۈگەيدىغان ئالاھىدىلىكى كوسراپلىقلاردىكى ساۋاب تېپىش ئارزۇسىغا ماس كەلگەن. بۇ يەردە ئەلۋەتتە ئۈجمىنىڭ يېيىشلىكى، سىڭىشچانلىقى، شىپالىق رولىنىمۇ نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. يېڭى پىشقان مېۋىنى يېيىشتىن ئاۋۋال «يېڭى ئاش، ئاغزى ـ بۇرنۇمدىن تولۇپ تاش» دەپ ئاندىن ئاغزىغا سالىدۇ.

(3) قول ھۈنەرۋەنچىلىك

كوسراپلىقلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىغىچە ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئائىلە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئاساسەن ئۆزلىرى ياسىۋالاتتى ياكى ئۆزئارا ئۆتنە ـ ئارىيەت ھەل قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ياغاچ، تۆمۈر، تاش، پاختا، يۇڭ، تېرە قاتارلىقلار ئاساسىي خام ماتېرىيال قىلىناتتى. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىش تەقسىماتى روشەن پەرقلىنەتتى. ئەرلەر ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تاشچىلىق ھۈنەرلىرى بىلەن، ئاياللار يۇڭ، پاختىلارنى ئېگىرىش، بوياش، توقۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياساش ۋە كىيىم ـ كېچەك تىكىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەھەتتە:

ياغاچ قوشۇق: كوسراپلىقلار ئادەتتە كوسراپ قوشۇقى ۋە ئۆلكە قوشۇقى (يەكەننى ئادەتتە ئۆلكە دەپ ئاتايدۇ)دىن ئىبارەت ئىككى خىل قوشۇق ئىشلىتىدۇ. كوسراپ قوشۇقىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، بېشىنىڭ دىيامېتىرى 15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۆرۈك، ئامۇت، ئۈجمە ياغىچى 30

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ كەكە بىلەن كەلپەتلىنىدۇ. ئاتالغۇ بىلەن باش قىسمى ئويۇلىدۇ. ئاخىرىدا كاژگات ئارقىلىق سىپتىلاشتۇرۇلىدۇ. باش قىسمىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئۈچلۇق، كەينى تەرىپى يۇمىلاق ياي شەكلىدە بولىدۇ. قومۇلدىكى يانبۇلاق (2500 ــ 3100 يۇنىڭدىن بۇرۇن)، لوپتىكى سامبۇل (م. ب 1 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە)، چەرچەندىكى زاغۇنلۇق (مىلادى 1 ـ، 6 ـ ئەسىر) قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ قوشۇق شەكلىگە ئوخشايدۇ. (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى» 5 ـ قىسىم، 25 ـ بەت).

قارا چىراغ: قارا چىراغ ياسىلىشى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان بولغان، توك، كېرسىن، شام بولمىغان شارائىتتا ئىجاد قىلىنغان خاس يەرلىك چىراغ ھېسابلىنىدۇ. قارا چىراغنى ياساشتا، ئالدى بىلەن ئۆرۈك مېغىزى، كەندىر، ئاپتاپپەرەس قازاندا قورۇلىدۇ. ئاندىن سۇرمە تاشتا ئۇگۇلۇپ (ئېزىلىپ) خېمىر ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، خېمىر قازاندا قىزدۇرۇلۇپ، قول بىلەن سىقىلىپ ياغ چىقىرىلىدۇ، يېغى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان كۈنجۈرە (يەرلىك شۋىدە مۇشتەك) ئۆچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تەخمىنەن بىرەر مېتىر ئەتراپىدىكى ئاپتاپپەرەس ياكى كەندىر ياغىچىغا يېپىشتۇرۇلۇپ، نوكچا ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. نوكچىغا ئوت ياققاندا، پاراسلاپ كۆيۈپ ھەم يورۇقلۇق، ھەم ناھايىتى مەززىلىك پۇراق تارقىتىدۇ.

سۇما تاش: بۇ بىر خىل قورال بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تاش قوراللىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كوسىراپلىقلاردا ئىزچىل ساقلىنىپ قېلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. سۇما تاش چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تاشتىن ياسىلىدۇ. چوڭ تاش ياپىلاق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. قېلىنلىقى 8 ــ 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 ــ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 35 ــ 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ سۇما دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك تاش يۇمىلاق، بىر ئادەمنىڭ ئالىقىنىغا سىغقۇدەك چوڭلۇقتا بولىدۇ، بۇ ئۈزۈگى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككى تاشنىڭ يۈزى مىتالڭ (كوسىراپ شۋىسىدە مېتىن) بىلەن چوقۇلۇپ، ئوي ـ دۆڭ چوڭقۇر قىلىنىدۇ.

سۇما تاشتا ئۆرۈك ئۆچكىسى چېقىلىپ، مېغىزى ئايرىۋېلىنىدۇ. مېغىز، كەندىر، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار ئېزىلىدۇ، يەنە كۆكباش قوناق ئېزىلىپ ياما ئاش ئېتىلىدۇ.

سۇرمە چوكى: بۇمۇ بىر خىل قەدىمكى زاماندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۇرمە كېنىدىن ياسىلىدىغان تاش قورال بولۇپ، قىز ـ چوكانلارنىڭ قاش، كۆزىنى قارا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سۇرمە چوكى ھەم قىز ـ چوكانلارغا گۈزەللىك ئاتا قىلسا، ھەم قاش ـ كىرپىكنى ئۆستۈرۈش، چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولۇش رولىغا ئىگە، سۇرمە كېنى كوسىراپ يېزىسى زۈمتاش كەنتىنىڭ يازاق مەھەللىسىدىكى ئېگىز تاغدىن ئېلىنىدۇ. سۇرمە چوكى چوڭ ـ كىچىك ئىككى پارچىدىن تەركىب تاپىدۇ. بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا تۆت چاسا شەكلىدە ياسالغىنى سۇرمە دەپ، 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، قېرىنداش قەلەم تومۇقىدا ياسالغىنى چوكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۈچ تەرىپى ئىنچىكە ئۈچلىنىدۇ، يەنە بىر ئۈچ تەرىپىگە تۆشۈك ئېچىلىپ يۆپۈك چىگىپ قويۇلىدۇ.

پىۋال: پىۋال يىپ ئېگىرىش ئەسۋابى بولۇپ كاۋاشتىن ياسىلىدۇ. كاۋاش كوسىراپ يېزىسى تەۋەسىدىكى بىر قانچە ئورۇندىن چىقىدىغان، سۇرمە تېشىدىن قاتتىقراق، قاشتېشىدىن يۇمشاقراق كان مەھسۇلاتى. پىۋال تۆت ـ ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇمىلاق ياسىلىدۇ، قېلىنلىقى 1ـ 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ ياغاچ ساپ ئورنىتىلىدۇ.

پالاس توقۇش: پالاس توقۇش جاپاسى بىر قەدەر كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولغان، كۈچلۈك چىدامچانلىقنى، ھوشيارلىقنى، ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان قول ئەمگىكى ھەمدە بۈگۈنكى زاماندا يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان قەدىمكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنى ئاساسەن ئاياللار توقۇيدۇ، پالاس توقۇش ئۈچۈن قوزۇق، باقانا، گۈلاخ، گۈلاخ يىپى، قىلىچ، شېرىك ياغىچى، ئاقاغ تاختىسى، كۈزۈگە قاتارلىق جابدۇقلار ئىشلىتىلىدۇ.

باقانا: 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ تال ئاچىماق جىگدە ياكى تېرەك ياغىچى ئاچا تەرىپىدىن چېتىلىپ پىرامىدا شەكلىدە ياسىلىدۇ، گۈلاخ ئېسىلىدۇ.

گۈلاخ: 0.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇلغۇن تايىقىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ تەرىپىگە قىيناغ چىقىرىلىدۇ. شوينا چىگىلىپ باقانا ياغىچىغا ئېسىلىدۇ، بۇنىڭدىكى يۇلغۇن ياغىچى گۈلاخ، گۈلاخنىڭ ئىككى ئۈچىغا چىگىلگەن شوينا كۈزۈگە

دەپ ئاتىلىدۇ، گۈلاخ ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پالاس يىپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش رولىنى ئۆتەيدىغان پاختا شوينا بېكىتىلىدۇ، بۇ شوينا گۈلاخ شىپى (يىپى) دەپ ئاتىلىدۇ.

شېرىك ياغىچى: بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇلغۇن تايىقنىڭ ئىككى ـ ئۈچ تەرىپىگە قىيناغ چىقىرىلىدۇ، پالاس يىپلىرى ئىككى تالدىن جۈپلىنىپ، تەك ـ تۆپە يۆنىلىشى بويىچە پاختا يىپ بىلەن قوزۇق بېغى شەكلىدە چىگىلىدۇ، پالاس يىپلىرىنىڭ ئالمىشىپ ياكى ئۈزۈلۈپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

قىلىچ: 0.7 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 15 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى، ئۈچ سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئۆرۈك ياكى ئۈجمە شېلى بەل پىچاق شەكلىدە ياسىلىدۇ، ئالدى تەرىپى نېپىزلىتىلىپ بىس ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ، تەك ـ تۆپە قىلىنغان يىپلارنىڭ ئالمىشىش نۇقتىسىغا ئاقاغ يىپى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، قىلىچ ئارقىلىق چىڭىتىلىدۇ.

ئاقاغ تاختىسى: 0.6 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 10 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تېرەك شېلى رەندە سېلىنىپ سىلىقلاشتۇرۇلىدۇ، ئاقاغ يىپىنى ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

پالاس تۆگە، قوي يۇڭلىرى (قوي يازدا، كۈزدە قىرقىلىدۇ، كۈزلۈك يۇڭدا يىپ ئېگىرگىلى بولمايدۇ)، كەندىر چىگىسى قاتارلىقلاردا ئېگىرىلگەن يىپلاردىن توقۇلىدۇ. تۆگە يۇڭى يىپىدا توقۇلغان پالاستا تونچە ئۇزۇن چاپان تىكىلىدۇ، يىپى ئىنچىكە ئېگىرىلىدۇ. كەندىر چىگىسى پالاس ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يىپى يوغانراق ئېگىرىلىدۇ. قوي يۇڭى يىپىدا پالاس، تاغار، خۇرجۇن، ئورۇما ۋە شالچە قاتارلىقلار توقۇلىدۇ. يىپ دەسلەپتە سىڭاقات ئېگىرىلىپ، ئاندىن ئىككى قات تولىنىدۇ. يىپ تولاشتا پۇال تەتۈر يۆنىلىشتە ئايلاندۇرۇلىدۇ. سىڭاقات ئېگىرىلىپ تۆرتەك قىلىنغان يىپ يەك دەپ، ئىككى قات قىلىپ تۆرتەكلەنگەن يىپ يۇمغاق دەپ ئاتىلىدۇ. يىپ يۇمغاق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يۇيۇپ ئادالىنىپ ھەر خىل رەڭلەردە بويىلىدۇ. پالاسنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك ھەجمى بويىچە ئېگىرىلگەن يىپنىڭ مىقدارى غېرىچ ئارقىلىق ئالدىن مۆلچەرلىنىدۇ، يەنى مانچە غېرىچ يۇمغاق يىپ، مانچە غۇلاچ كېلىدۇ، مانچە غۇلاچتا مانچىلىك چوڭلۇقتا پالاس توقۇلىدۇ، دەپ ئالدىن مۆلچەر قىلىنىدۇ. بۇ مۆلچەر يەنە پالاس توقۇشنى باشلاش، پالاسنىڭ رەڭ، گۈللىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.



پالاس توقۇشنى باشلاش: پالاس توقۇشنى باشلاشقا مۇشۇ ئىشنى قىلالايدىغان ئۇستىكار ئاياللار تەكلىپ قىلىنىدۇ. پالاس توقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەكشى، ئازادە ئورۇن ھازىرلىنىدۇ. 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بەش تال قوزۇق ياسىلىدۇ، تۆت چوڭ قوزۇق تۆت ئورۇنغا تۆت چاسا قىلىپ (پالاسنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە) قېقىلىدۇ. گۈلاخ ياغىچى بىلەن بىر تال قوزۇق ئۇدۇللاشما ھالەتتە 30 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئوتتۇرىغىراق قېقىلىدۇ. يىپ تۇنجى قوزۇققا چىگىلىپ ئۇنىڭ يۆنىلىش بويىچە ئايلاندۇرۇلۇپ، گۈلاخ يىپىغا چىگىلىپ ئۆتىدۇ، ئىككىنچى رەتتە ئايلاندۇرۇلغان يىپ گۈلاخ ياغىچىغا ياندىش قوزۇقنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تۇنجى يىپ بىلەن ئۆتۈشمە قىلىنىپ ئايلاندۇرۇلىدۇ، بۇ ئورۇندا بىر ئادەم پالاس يىپلىرىنىڭ ئۆتۈشمە قىلىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. يىپلار پالاسنىڭ گۈل نۇسخىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، پالاس يىپلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە قوزۇقلارغا يۆگىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قوزۇق قىسقارتىلىپ، قالغان ئۈچ قوزۇق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە قېقىلىدۇ. ياندىش قېقىلغان ئىككى قوزۇققا بىر تال توم ياغاچ باغلىنىپ توقۇش باشلىنىدىغان تەرەپ يىپىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەنە بىر قوزۇققا پالاس يىپىنىڭ بىر ئۇچى چىگىلىدۇ. ئاخىرىدا گۈلاخ ياغىچى باقانىغا ئېسىلىدۇ، پالاس توقۇشنى باشلاش ئاخىرلىشىدۇ، بۇ جەريان «پالاس يۆگۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

پالاس توقۇش نوقۇل ھالدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆزگىچە ئىستىتىك قىممەتكە ئىگە گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

كىيىم - كېچەك جەھەتتە:

جۇغراپىيەلىك تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن كوسراپلىقلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ھەم قەدىمىيلىككە، ھەم قىسمەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، كوسراپلىقلار يۇڭ، تېرە، پاختا قاتارلىقلاردىن ئۆزلىرى تەييارلىغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشەتتى. ئەرلەر ئاشلاپ ئەيلەنگەن تۆكى (موي) ئۇزۇن ئاق ياكى قارا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن سالۋا تەلپەك كىيسە، ئاياللار موي سەل پەسرەك، شەكلى ئەرلەر تەلپىكىگە ئوخشايدىغان كىچىك تەلپەكلەرنى كىيىپ، تۆپىدىن ياغلىق سالىدۇ، كىچىك باللارغا پاختا رەختتىن ئولپاق تىكىپ، ئولپاقنىڭ تۆپىلىك قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ پۆپۈك قادالغان باش كىيىمى كىيدۈرىدۇ. ئىلگىرى بەزى ئەرلەر تاجىكچە تەلپەك، ئاياللار كۈلتا كىيىدىغان ئادەت بار ئىدى، ھازىر ئەمەلدىن قالدى.

ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممە كىشىدە چورۇق كىيىش ئومۇملاشقان. چورۇق يەڭگىل، يۇمشاق، چىداملىق بولۇش، خام ماتېرىيالنى تېپىش ئاسان ھەم باھاسى ئەرزان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاياغ كىيىمى بولۇپ، ئۇ ئەرەنچە، ئايالچە ياكى يازلىق، قىشلىق دەپ ئايرىلمايدۇ. قىشتا كىگىز پايپاق بىلەن، يازدا جۇراپ پايپاق (يۇڭ يىپتا توقۇلغان) ياكى پايتىما بىلەن كىيىلىدۇ، كوسراپلىقلار تىككەن چورۇقلار شەكىل جەھەتتە ئۆلكە (يەكەن) چورۇقى، قىرغىز چورۇقى، تاجىك چورۇقلىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

ئەرلەر قىشتا جۇۋا ياكى يۇڭ سېلىپ تىكىلگەن تون كىيىدۇ. يازدا ئاق ماتادىن تىكىلگەن تونچە كۆڭلەك، تامبال (ئىشتان) كىيىدۇ. بەلباغ ياكى قۇر بىلەن بېلىنى باغلاپ، پىچاق ئاسىدۇ.

ئاياللار قىشتا جۇۋا ياكى يۇڭ سېلىپ تىكىلگەن ئۇ تۇشمە ياقلىق، ئىككى يان تەرىپىگە چەك قويۇلغان چاپانلارنى، يازدا ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىدۇ. ئاياللار ئادەتتە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئانچە تاقاپ كەتمەيدۇ. ھېيت-ئايەم، توي - تۆكۈنلەردە زىرە، مونچاق، ئۈزۈك، بىلەزۈك تاقايدۇ. كۆپ ساندىكى ئاياللار مەيدىسىگە يۇملاق شەكىللىك، بۆرەكچە نەقىش چىقىرىلغان ھالقە (ئەدەبىي تىلدا ھالقا) تاقىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىلگىرى بەزى ياشانغان ئاياللار مەيدىسىگە ھالقا بىلەن قەلەمتىراچنى بىللە ئاسىدىغان، قىز - چوكانلار بېلىگە پىچاق - بوي تاسما ئاسىدىغان ئادەت بولغان، ھازىر يوق.

كوسراپلىقلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە، تۆۋەندىكىدەك پەرھىزلىك قاراشلار شەكىللەنگەن: ① ئاتا - ئانىسىدىن قالغان باش كىيىملەرنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ساقلاپ كىيىشنى (يىرتىلىپ كەتمىسلا) ئەلا بىلىدۇ. باش كىيىملەرنى باشقىلارغا سوۋغات قىلىشنى، يەرگە تاشلىۋېتىشنى، ئاتلاپ ياكى دەسسەپ ئۆتۈشنى قاتتىق يامان ئالىدۇ. «دوست باشقا، دۈشمەن پۇتقا قارار» دېگەن قاراش كەڭ تارقالغان. ② كوسراپلىقلار باش كىيىمدىن باشقا ھەرقانداق يېڭى كىيىم كىيىدىغان چاغدا، ئاۋۋال «مېنىڭ ئۆمرۈم ئۇزۇن بولغاي، سېنىڭ ئۆمرۈڭ قىسقا» دەپ كىيىمنى بىر قېتىم دەسسىۋېتىپ ئاندىن كىيىدۇ. ③ مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن ھەرقانداق كىشىنىڭ يالاڭباشتاق يۈرۈشىنى يامان ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللار كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن يالاڭباشتاق يۈرسە ياكى ياتسا، قىيامەت كۈنى گۆردىن توڭگۇز بولۇپ قوپىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ④ ھەرقانداق ۋاقىتتا، كىيىم كىيىشنى ئوڭ تەرەپتىن، سېلىشنى سول تەرەپتىن باشلاش شەرت قىلىنىدۇ. ⑤ قىز - ئاياللارنىڭ قىسقا ئىشتان كىيىشى، ئۇزۇن پايپاق تارتىشى، ھوشۇقىنىڭ ئۈستىنى ئوچۇق قويۇشى، يايتاق ئات - ئېشەكلەرگە مىنىشى ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

(4) قوشۇمچە ئىگىلىك ئادەتلىرى

كوسراپلىقلار ئىقتىسادىي جەھەتتە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق، ئالتۇن چايقاش، كۆمۈر قېزىش، قوغۇشۇن تاۋلاش قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

سودا - سېتىق ئەھۋالى: كوسراپ يېزىسىدا تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىلىكىدىن بازار شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كوسراپلىقلاردا سودا ئېڭى ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن. ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا تەڭ قىممەتكە ئىگە بولغان ماددىي بۇيۇملار ئاساسىي ئوبوروت (ئايرىباشلاش) ۋاستىسى بولغان. كوسراپلىقلاردىن سودا - سېتىق

بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تۇنجى بولۇپ ئۆز بېغىدا پىشقان
ئۆرۈك، نەشپۈت، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەرنى، سىر-
ىققول (تاشقورغان) يايلاقلىرىدا ياشىغۇچى تاجىك،
قىرغىز چارۋىچىلىرىغا ئوغلاق، قوزا، تېرە، يۇڭ، سېرىق
ماي قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇش بىلەن سودا ئىشلىرىنى
باشلايتتى. روناق تاپقانلىرى كاچۇڭ، قوشراپ، چوپان
بازارلىرىدىن ئالغان ياغ، گۈرۈچ، ئۇن، ياڭاق، نەشپۈت،
بادام، رەخت قاتارلىق تاۋارلارنى تاشقورغان بازارلىرىغا
ئاپىرىپ ساتاتتى. قاتناش مۇساپىسى ئۇزۇن ھەم خەتەر-
لىك بولغاچقا، يالغۇز سەپەرگە چىقىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. بولۇپمۇ تاشقورغان بىلەن كوسراپ ئارىلىقىدا
بېرىپ - كېلىشكە 10 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدىغان
بولۇپ، خەتەرلىك دەريا - ئېقىنلاردىن، قارلىق تاغ -
داۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكە، يول جاپاسى
بىلەن ئاچلىق ئازابى جان قىينايتتى. شۇڭا كوسراپتىن
ماڭغان سودىگەر تاشقورغاندىن يانغان سودىگەرگە ئىكك-
ىدىن نان تۇتۇش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان.

ئالتۇن چايقاش: زەرەپشان دەرياسىدا كېپەك ئالتۇن
زاپىسى بىر قەدەر مول. كوسراپلىقلار مۇشۇ ئالاھىدىلىك-
تىن پايدىلىنىپ ئۆزگىچە ئالتۇن ئىشلەش ئادىتىنى شەكىل-
لەندۈرگەن. ئالدى بىلەن ئالتۇن چايقاشقا ماس كېلىدى-
غان ئورۇن بېكىتىلىدۇ، ئاندىن 1.5 مېتىر كەڭلىكتە، 80
سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى تاش تام
ئېتىلىپ، ئىچى شېغىل بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە
ئوخشاش چوڭلۇقتا يۇڭ پالاس يېيىلىپ، پالاس ئۈستىگە
سېۋەت ياكى ئۆتكەمە قويۇلىدۇ. بۇ دۇكان دەپ ئاتىلى-
دۇ. دۇكان قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇم - شېغىل قې-
زىلىپ، بىر ئادەم گۈرجەك بىلەن ئۆتكەمە ئىچىگە تاشلاي-
دۇ، يەنە بىر ئادەم نوگايدا سۇ قۇيىدۇ. چوڭ شېغىل
تاشلار ئۆتكەمىگە سۈزۈلۈپ قېلىپ، قۇم پالاس ئۈستىگە
چۈشىدۇ. پالاس يۈزىگە چۈشكەن قۇملار سىيرىپ چىقىرى-
ۋېتىلىپ، پالاس چوڭراق داستىخان ياكى رەخت ئۈستىگە
قېقىلىدۇ. بۇ قىزىل ئايرىش دەپ ئاتىلىدۇ. قىزىل
ئايرىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئايرىۋېلىنغان قۇم ياغاچ لې-
گەندە قايتا - قايتا چايقىلىپ، ئېشىپ قالغان قىسمىغا
سىماب قۇيۇلىدۇ. ئالتۇن سىمابقا چاپلىشىپ مۇنەك ھالەت-
كە كېلىدۇ، بۇ ئالتۇن چايقاش دەپ ئاتىلىدۇ.

قوغۇشۇن ئېرىتىش: قوغۇشۇن ئېرىتىشمۇ كوسراپ-
لىقلارنىڭ تىرىكچىلىك يولىدىكى قوشۇمچە كىرىم مەنبەل-
ىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىل-
گىچە كوسراپلىق ياشلار تۈركۈملەپ قەشقەر تاغلىرىغا
(ئەمەلىيەتتە ئاتۇش شەھىرى قاراجۇل يېزىسى تەۋەسىدى-
كى قاقشال تاغلىرى) بېرىپ، قوغۇشۇن رۇدىسى قازاتتى.
ئاندىن ئۇنى تاۋلاپ (ساپلاشتۇرۇپ) قەشقەر شەھىرىگە
سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر
قىسىم كىشىلەر كوسراپ تاغلىرىدىمۇ قوغۇشۇن تاۋلاش
بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما شەھەر، بازارلاردىن يىراق
بولغاچقا تاۋارغا ئايلىنالمىغان، پەقەت قارا مىلتىققا ئوق قى-
لىشقىلا ئىشلىتىلگەن.

كۆمۈر قېزىش: كوسراپ يېزىسىنىڭ كۆمۈر زاپىسى
ناھايىتى مول. كوممۇنا مەزگىلىدىكى 20 نەچچە يىلنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا
شەخسىي كۆمۈر كېنى بولغان، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 -
يىللىرىدىن باشلاپ كۆمۈر بازارغا يۈزلىنىپ، دېھقان ئائى-
لىلىرىنىڭ ئاساسىي پۇل تېپىش مەنبەسىگە ئايلانغان.

### 3. ئائىلە قۇرۇلمىسى

كوسراپلىقلار بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە قۇرۇل-
مىسى بويىچە ئەرلەر ئاساس قىلىنىدىغان ئائىلە باشلىقلىق
تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرغان. ئائىلە باشلىقى تەبىئىي ھالدا
دادا ياكى ئوغۇل (ئاساسلىق چوڭ ئوغۇل)غا مەنسۇپ
بولغان. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئائىلە باشلىقىغا شەرتسىز بوي-
سۇنۇشى، گېپىنى ئاڭلىشى، ھۆرمەت قىلىشى بىر خىل ئەن-
ئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقىغا ئايلانغان. قانداشلىق مۇناسىۋىتى-
دە ئانىغا قارىغاندا دادا تەرەپ قانداشلىقى ئاساسىي ئو-
رۇندا تۇرغاچقا، كوسراپلىقلارنىڭ تۇغقانلارنى ئاتاش نا-
مىدىمۇ دادا تەرەپ تۇغقانلىرى بىلەن ئانا تەرەپ تۇغقان-
لىرىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش ئادىتى شەكىللەنگەن. مەس-
ىلەن، دادا تەرەپ تۇغقانلىرىدىن ئەرلەر دادىدىن چوڭ
بولسا «چوڭ دادا»، كىچىك بولسا «ئاكا» دەپ ئاتالسا،
ئانا تەرەپ ئەر تۇغقانلار بىردەك «تاغا» دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇ ئاتاقلار چوقۇم ئۆز جايىدا ئىشلىتىلىشى شەرت قىلىنى-
دۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن كۆڭۈل رەنجىتىش، بولۇپمۇ
دادا تەرەپ تۇغقانلارنىڭ كۆڭلى رەنجىپ قېلىش ئەھۋالى
يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئائىلە ئىقتىسادىنى باش-
قۇرۇش، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم -
يېتىم ئۇزىتىش ۋە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا ئەرلەر ئاساس-
لىق رول ئوينايدۇ، كۆپ ئوغۇللۇق ئائىلىلەردە چوڭ
ئوغۇل توي قىلىپ پەرزەنت يۈزى كۆرگەندىن كېيىن

ئۆي ئايرىپ بېرىلىدۇ، بۇ «بۆلەك چىقىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. كەنجى ئوغۇل ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمەي، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدۇ، ئوغۇل پەرزەنتلەر گەرچە ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن بىلەن ئائىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا يەنىلا دادىنىڭ، دادا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ ئوغۇلنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ.

## 4. تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى

كوسراپىلىقلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئەجداد-ئەۋلاد تەرتىپى، قېرىنداشلىق تەرتىپى، ياش تەرتىپى، ئەر-خوتۇنلۇق تەرتىپى، قۇدا-باجىلىق تەرتىپى ۋە دوست-ئاداشلىق تەرتىپلىرى بويىچە پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئەجداد-ئەۋلاد تەرتىپى بويىچە، ئەۋلادلار (پەرزەنتلەر) ئۆز ئەجدادىنى دادام، ئانام، بابام، مامام، بابام ياكى مامامنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى... دەپ ئاتىسا، ئەجدادلار (ئاتا-ئانىلار) بالام (ئوغلۇم، قىزىم)، نەۋرەم، چەۋرەم، ئەۋرەم، پەي نەۋرەم، كۆكۈن نەۋرەم دەپ ئاتايدۇ.

قېرىنداشلىق تەرتىپى بويىچە، ئاتا-ئانا بىر تۇغقانلار «جانجىگەر بىر تۇغقان» دەپ ئاتالسا، دادا بىر، ئانا باشقا ياكى ئانا بىر، دادا باشقا بىر تۇغقانلار «قانداش بىر تۇغقان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرلەر ئاكام، ئاكاچام، ئىنىم، ئۇكام، ئاياللار ئاچام، ئايلاكام، سىڭلىم دېيىلىدۇ. بىر تۇغقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشلاپ تۇغقانچىلىق ناملىرى دادا تەرەپ بىلەن ئانا تەرەپنىڭ پەرقلەندۈرۈپ ئاتىلىدۇ. دادىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ياكى دادا تەرەپتىن بولغان بىر نەۋرە ئاكىسىنى چوڭ دادام، چوڭ دادىنىڭ ئايالىنى چوڭ ئانام دەپ ئاتايدۇ. دادىنىڭ ئىنىلىرى ئاكام، ئاكىنىڭ ئايالىنى يەڭگەم دەپ ئاتايدۇ. ئانا تەرەپنىڭ ئاكا-ئىنى تۇغقانلىرىنى بىردەك تاغام دەپ ئاتايدۇ. ئەرلەر يەنە ئۆزىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى خارىم دەپ ئاتايدۇ. دادا تەرەپتىن بولغان نەۋرىلەر ياش قۇرامى بويىچە ئۆزئارا ئاكام، ئىنىم، ئاچام، سىڭلىم دەپ ئاتاشسا، ئانا تەرەپتىن بولغان نەۋرىلەر بىلەن دادا تەرەپتىن بولغان نەۋرىلەر ئۆزئارا (ئوغۇل-قىز دەپ ئايرىمايدۇ) پېتىشىم دەپ ئاتىشىدۇ.

قۇدا-باجىلىق تەرتىپى بويىچە، ئەر-خوتۇن بولغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۆزئارا قۇدا-باجا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەر خوتۇنىنى «تەۋۇ» دەپ، خوتۇن ئېرىنى «ئەۋۇ» دەپ ئاتايدۇ. ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنىڭ دادىسىنى قەيىنتام، ئانىسىنى قەينام، ئاكىسىنى قەيناغام، ئاچىسىنى قەينەئەگىچىم، ئىنىسىنى قەيىنىنىم، سىڭلىسىنى قەينە سىڭلىم دەپ ئاتايدۇ.

دوست-ئاداشلىق تەرتىپى بويىچە، كوسراپىلىقلاردا تەڭتۇش ئوغۇللار بىلەن ئوغۇللار دوست بولۇش، قىزلار بىلەن قىزلار ئاداش بولۇشتىن ئىبارەت غەيرىي تۇغقانچىلىق ئادىتى شەكىللەنگەن. ئۇلار ئۆزئارا «دوستۇم»، «ئادىشىم» دەپ، ئاتا-ئانىسىنى ئايشاتام، ئاشنانام، ئاكىسىنى ئايشاكام، ئاچىسىنى ئايشاچام، ئىنىسىنى ئايشىنىم، سىڭلىسىنى ئاياشسىڭلىم دەپ ئاتايدۇ. ئايشاتام، ئايشانام بولغۇچىلارمۇ پەرزەنتلىرىنى ئايشوغلۇم، ئاياشقىزىم دەپ، دوست-ئاداش بولغۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىسىنىڭ دوست-ئاداشلىرىنى ئايشاتام، ئايشانام دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ① كوسراپىلىقلاردا ئەجداد ئىسمىنى ئەۋلادقا ئات قىلىپ قويۇش شەكلى (دادا تەرەپ تۇغقانلىرى ئاساس قىلىنىدۇ) ئارقىلىق ئائىلە شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ② تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە دادا تەرەپ قانداشلىقى ئاساس قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئاكا بىلەن تاغا، ئاكا (ئىنى)، ئاچا (سىڭىل) بىلەن پېتىش تەڭ ئورۇنغا قويۇلمىغان. شۇڭا بۇ نامالارنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىش تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن مۇھىم. ③ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن، كوسراپىلىقلاردا ئاتا-ئانىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىنى ئاقانا (ئاق ئانا)، ئاقاچا (ئاق ئاچا) دەپ ئاتىۋالىدىغان ئادەت بارلىققا كەلگەن. ئەكسىچە پېشىم، يەزنەم دېگەن ناملار يوقالغان. ④ كوسراپىلىقلاردا هامىمام، خاناچام دېگەن ناملار شەكىللەنمىگەن. ⑤ پەرزەنتلەر ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ، كۆيئوغۇل-كېلىنلەر قېيناتا، قېينانىسىنىڭ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرىش هۆرمەتسىزلىك هېسابلىنىدۇ. ⑥ كوسراپىلىقلار تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارىماي، ئۆزىدىن چوڭ ھەرقانداق كىشىنى ئاكام، ئاكاچام، ئاچام، ئايلاكام دەپ، كىچىكلەرنى ئۇكام (ئىنىم)، سىڭلىم دەپ چاقىرىدۇ. ⑦ يۈزتۇرا چاقىرىشقا توغرا كەلسە، ئاكوي (ئاكا)، ئاچوي (ئاچا)... دەپ، يوق يەردە بولغان بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئاكام، ئاچام سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىش ئادىتى ئومۇملاشقان.

## 5. ئولتۇراقلىشىش ئادىتى

كوسراپىلىقلار يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق

تۇرمۇشى، بولۇپمۇ كوسراپ يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىگە ماس ھالدا ئۆزگىچە ئولتۇراقلىشىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كەن (كەنت) ئۆيلىرى ھەم مۇقىم، ھەم يۇرۇشلەشكەن ئۆيلەر بولغاچقا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قى (قىر) ئۆيلىرى كاپا (كەپە) دەپ ئاتىلىپ ئىككىلەمچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆي كوسراپلىقلارنىڭ يەرلىك شىۋىسىدە تام دەپ ئاتىلىدۇ. تام ھەم ئۆينى، ھەم تامنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئادەتتە ئۆي سېلىشنى تام سېلىش دەپ ئاتايدۇ. كوسراپلىقلار ئىشىك ئالدىغا گۈل تېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھويلا ئىچى ياكى ئالدىغا باغ چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما يەر قىسلىقى تۈپەيلى ھەممە ئادەمدە باغ قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. باغ قىلالمىغانلار ئىشىكى ئالدىغا ئۈزۈم، ھېچ بولمىغاندا بىرەر تۈپ ئۈجمە دەرىخى سالماي قالمايدۇ.

كەنت ئۆيلىرى ياكى قىر ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى توپا، ياغاچ ئۆيلەر (ئاق ئۆي ياسالمايدۇ)نى ئاساس قىلىدۇ. كەنت ئۆيلىرى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاغ باغرىنى بويلاپ نىسبەتەن تۈزلەڭ، قۇرغاق، كەلكۈن، كۆچكۈندىن يىراقراق جايلار تاللىنىپ، جەنۇب، شىمال يۆنىلىشى بويىچە سېلىنىدۇ. جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى شىمالغا، شىمال تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىلىدۇ. كەنت ئۆيلىرى پېشايۋان، ئايۋان (سۆرۈنخانا)، ساراي، مېھمانخانا، ئاشخانا، قازناق تەرتىپلىرى بويىچە يۇرۇشلۇك ئۆيلەردىن تەركىب تاپىدۇ. پېشايۋاننىڭ ياسىلىش شەكلى ئۆزگە يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي شەكلىگە ئوخشايدۇ. پېشايۋاننىڭ ئىچكىرىسىگە ئايۋان، ئۇنىڭ ئىچىگە ساراي، ئاشخانا، قازناق سېلىنىدۇ. ئايۋان بىلەن سارايىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كوچا ۋە دەريا بويلىقلارنىڭ ئايۋان قۇرۇلمىسىنى ئەسلىتىدۇ («تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ئۇيغۇرچە نەشرى 165 ـ، 166 ـ بەتلەر). ئايۋان ئىككى ئۇزۇن، ئىككى قىسقا خەلىك (ئەدەبىي تىلدا خا)، تۆت تۈۋرۈكلۈك قىلىپ لايىھەلىنىدۇ. ئايۋاننىڭ ئىشىك تەرىپىدىن تۆر تەرىپىگە قارىتىپ تار يول ئېلىنىدۇ، بۇ يول كوچا ساراي، مېھمانخانا ئۆيلەرگە تۇتىشىدۇ. ئايۋاننىڭ تۆرى ئىككى سۇپىلىق بولىدۇ. (سۇپا) كوسراپ شىۋىسىدە سۆكە دېيىلىدۇ، سۇپا ئەتراپىغا تاختايلىق زەگۇندە ياسىلىدۇ. ئايۋان ئوتتۇرىسىغا كەڭ ـ تارلىقى ئۈچ مېتىرلىق تۆت چاسا پەگاھ چىقىرىلىدۇ. ئايۋاننىڭ يورۇق، ھاۋالىق بولۇشى ئۈچۈن پەگاھنىڭ ئۆگزە قىسمىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە لەمپە ياسىلىدۇ. ئايۋان توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئۆتكۈزۈش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئاممىۋى يىغىلىشلارغا ماس كەلگەچكە، قوشنا يۇرتلارغىمۇ كەڭ تارقالغان. ساراي ئۆيلەر ئىككى خالىق، بىر سۇپىلىق، قالغان ئۆيلەر بىر خالىق، بىر سۇپىلىق ياسىلىدۇ. ئۆيلەرگە تاكچا چىقىرىلىدۇ، تۈڭلۈك قويۇلىدۇ (ئەمدىلىكتە دېرىزە قويۇلىدىغان بولدى). ئۆي يېپىشقا كېتىدىغان ماتېرىياللار خە (خا)، جەگە، سىنجى (ھاراق)، ۋاسا، پەرمان، چۇغۇندەك (نەلىلىڭ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تېرەك، ئاتۇچ (قارىغاي) ياغاچلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا ياغاچلارغا نەقىش ئىشلەش، تاملىرىنى ئاقارتىش ئاز بولغان، يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ نەقىش ئىشلەش، گەجلەش، چىنى خىش چاپلاش ئادەتلىرى ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

كاپا ئۆيلەر (قىر ئۆيلىرى) ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ ئىككى ئېغىزلىق بولىدۇ. قۇرۇلمىسى نىسبەتەن ئاددىي، پەسرەك يېپىلىدۇ، نەقىش چىقىرىلمايدۇ. تاش قارىغاي (ئاتۇچ) ياغىچى ئاساس ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى جەنۇب ياكى شىمال تەرەپكە قارىتىپ سېلىش شەرت قىلىنىدۇ. كۈنچىقىش، كۈنپېتىش تەرەپكە قارىتىلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: ① كوسراپ يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى سەۋەبىدىن بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنى ئۆيلەر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاغ باغرىنى بويلىتىپ سېلىنىدىغان بولغاچقا، ئىشىك چوقۇم دەريا تەرەپكە قارىتىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆينىڭ ئالدى تاغ تەرەپكە قارىتىلىپ قالسا، ئۆينىڭ بىخەتەرلىكىگە، يورۇق، ئازادە بولۇشىغا، كۈنگەي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ② ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مىللىي ئەنئەنىسىدىكى كۈن ئېتىقادچىلىقى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى تەسىرىدىن بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. كوسراپلىقلار يېتىپ ـ قوپۇشتا يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىشقا ئادەتلەنگەن. پۇت، دۈمبە تەرەپنى قىبلە تەرەپكە قارىتىشنى، كۈنچىقىش، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ تەرەت قىلىشنى، تۈكۈرۈشنى، يۈزىنى يۇيماي تۇرۇپ كۈن يۈزىگە قاراشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# ئوغرى

(چۆچەك)



خۇسۇرى باي بار ئىكەن، ئېنىڭ ئالتۇن كۈمۈش، پۇلى تولا ئىكەن، بىر كۈن ئۇ خۇسۇرى ئۆلدى. مۇنىڭ بالىلىرى ھەممىسىنى خەشلەدى. ئۈچ يۈز سەر كۈمۈش قالدى. مۇنى چوڭ ئوغلى خەشلەيدىغانىنىڭ ھەش جايى يوق، بىر يەرگە سالدى. بۇ كۈمۈشنى بىز ئۈچ ئوغۇل يۈز سەردىن ئۈلىشىپ ئالىلى دەپ مەسلەھەت قىلدى. بۇلارغا ماقۇل بولۇپ شۇنداق قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، بۇ كۈمۈش ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا ئۈتىپ ① كەتتى. چوڭ ئاغىسى ئايتتى: بۇ ئۈچ يۈز سەر كۈمۈش ئۈتىپ كەتتى، بىز ئەمدى ئۈچ ئاغا-ئىنى يامان بولۇپ قالدۇق. پالانى شەھەردە بىر ئادىل ياقشى پادىشا بار، بىز ئۈچۈلەن بېرىپ شۇڭا دات قىلىلى. كۈمۈشنى قايسىمىز ئالغان بولساق، پادىشا سوراپ تېپىپ بەرىدۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇل مەسلەھەت قىلىپ پادىشانىڭ قېشىغا يۈردى. بىر كۈن شەھەرگە يېقىن بارغاندىن كېيىن، بىر ئاتلىق كىشى شەھەردىن چىقىپ كەلدى، كەلىپ ئۈچ ئۈچۈراشتى. بۇ كىشى سۇرىدى: مېنىڭ بىر تۆبەم ② يوقاپ كەتتى كۆردىڭمى؟ ئۇلار ئايتتى: كۆرمەدۇك. تۇرۇپ چوڭ ئاغىسى ئۇ كىشنى قىچىرىپ: تۆبەڭنىڭ ئوڭ كۆزى قارىغۇمىدى؟ دەپ سۇرىدى. بۇ تۆبە ئەگىسى قارىغۇدى، دەدى. كۆردۈڭمۇ؟ كۆرمەدىم، دەدى. ئۆتۈپ كەتىپ ئىدى، ئىكىنجى ئىنىسى تانا قىچىرىپ: تۆنەڭنىڭكى ئوڭ تۆرەپىگە شىرنە ئارتقانمۇ؟ سول تۆرەپىگە سىركە ئارتقانمۇ؟ دەدى. ئارتقان، دەدى. كۆردۈڭمۇ، دەدى. كۆرمەدىم، دەدى. ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچىنجى ئىنىسى قىچىرىپ: تۆنەڭنى بىر چوڭلاق ئىت ئەرگەشىپ بارغانمىدى؟ قۇرسىغىدا بالىسى بار خوتۇن مىنىپ ئالغانمىدى؟ دەدى. مىنىپ ئالغان، دەدى. كۆردۈمۇ؟ دەدى. كۆرمەدىم، دەدى.

ئول كىشى بۇلاردىن سۇرىدى: سىلەر كۆرمەيسىلەر، تۆبەمنىڭ كۆزى قارىغۇ ئەكەننى قەيسىن بىلەسەن؟ شىرنە، سىركە سالغىنىنى قايدىن بىلسەن؟

چولاق ئىت ئەرگەشىپ ئالغاننى قايدىن بىلسەن؟ قۇرسىـ
قىدا بالىسى بار خوتۇن مېنىڭەننى قايدىن بىلسەن؟
دەدى. مەنىڭ تۆبەمنى ئېلىپسەن، دەدى. ئۇلار ئايتتى:
تۆبەڭنى بىز ئالمىدۇق، بىز پادىشانىڭ قېشىغا دات قىلىپ
بارىمىز، ئانداق بولسا سەنما پادىشانىڭ قېشىغا بىز بىلەن
بىرگە يۈر، پادىشا بۇيرىسا تۆبەڭنى بىز تۆلەپ بەرەلىن.
بۇ شەرتنى بىلەن پادىشانىڭ قېشىغا كەلدى. پادىشاغا
كەلىپ بۇلار دات قىلدى. بۇ تۆبەنىڭ ئىگەسى ئايتتى: بىر
تۆبەم يوقاپ كەتىپ ئىدى، بۇلاردىن سوراپ ئىدىم، كۆر-
مەدىم، دەدى. بۇ چوڭ ئاغىسى قىچىرىپ تۆبەڭنىڭ
كۆزى قارىغۇمۇ دەپ سورىدى. قارىغۇدى، دەدىم. كۆر-
دۇڭمۇ، دەسەم. كۆرمەدىم، دەدى. مەن ئۆتۈپ كەتتىم؛
ئىككىنچى ئىنىسى قىچىردى: تۆبەڭگە شىرنە، سىركە ئارتـ
قانمىدى؟ ئارتقان ئىدى، كۆردۇڭمۇ؟ دەسەم، كۆرمەدىم،
دەدى. ئۈچىنچى ئىنىسى قىچىردى: تۆبەڭنى چولاق ئىت
ئەرگەشىپ ئالغامىدى؟ قۇرساقتا بالا بار خوتۇن مىنىپ
ئالغانمىدى؟ دەدى، مەن: كۆردۇڭمۇ دەسەم، بۇلار كۆر-
مەدىم، دەدى. سەن كۆرمەسەڭ بۇلارنى قايداق بىلسەن
دەپ سورىدىم. ئانداق بولسا بىز پادىشانىڭ ئالدىغا داتقا
بارىمىز، سەن بىرگە يۈرگۈن، دەپ ئېلىپ كەلدى.
پادىشا بۇلاردىن سوردى: سەن كۆرمەگەن بولساڭ،
تۆبەنىڭ ئوڭ ياقىدىكى كۆزى قارىغۇ ئەكەننى قايداق
بىلدىڭ؟ دەپ سورىدى. چوڭ ئاغىسى ئايتتى: يولدا بىر
تۆبە يۈرۈپ كەتىپتۇ، يولنىڭ سول تەرەپتەكى چۆپنى
ئېلىپ يەپتۇ، ئېنىڭ ئۈچۈن ئوڭ كۆزى قارىغۇ ئەكەن،
دەدىم. پادىشا ئىككىنچى ئىنىسىدىن سورىدى: تۆبەنىڭ
ئوڭ تەرەپىگە شىرنە ئارتقاننى، سول تەرەپىگە سىركە
ئارتقاننى قايدىن بىلدىڭ؟ دەدى. ئول كىشى ئايتتى:
كەلىپ ياتاتتىم، يولنىڭ ئوڭ تەرەپىگە چىبىن ئولتۇرۇشۇپ
كەلىپتۇ، سول تەرەپىگە پاشا ئولتۇرۇشۇپ كەلىپتۇ. چىبىن
تاتلىق نەمەنى يەيدۇ، پاشا ئاچىقلىق نەمەنى يەيدۇ،
ئېنىڭ ئۈچۈن تۆبەنىڭ ئوڭ تەرەپىگە شىرنە سالغان
ئەكەن، دەدىم، سول تەرەپىگە سىركە سالغان ئەكەن،
دەدىم، تۆبەنى كۆرگەنىم يوق. پادىشا ئۈچىنچى ئىنىسـ
دىن سورىدى: سەن چولاق ئىت ئەرگەشىپ ئالغاننى،
قۇرسىقىدا بالىسى بار خوتۇن مىنگەننى قايدىن بىلدىڭ؟
ئول ئايتتى: يولنى بارغىنچا ئول خوتۇن تۆبەدىن تۈشۈپ
سىيگەلى ئولتۇرۇپتۇ، سىيىپ بولۇپ ئورنۇدۇن تۇرغانچا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





يانى تايىنىپ قوپۇپتۇ. ئىنىڭ ئۇچۇن قۇرسىقىدا بالىسى بار خوتۇن مىنگەن ئەكەن دەدىم؛ ئۇل خوتۇن سىيگىچە ئىت ئولتۇرغان ئەكەن قويرۇقى يەرگە قادىلىپتۇ، ئىنىڭ ئۇچۇن چولاق ئىت ئەرگەشكەن ئەكەن دەدىم، تۆبەنى كۆرگەنىم يوق. پادىشا ئايتتى: تۆبەگنى بۇلار كۆرمەگەن ئەكەن، بىرىپ تۆبەگنى تىپىپ ئال، دەپ تۆبەنىڭ ئەگەسىنى چىقىرىپ ئەتتى.

بۇلار پادىشاغا دات قىلدى: ئاتىمىزدىن قالغان ئۇچ يۈز سەر كۆمۈش بار ئىدى، ئۇچ ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا ئۇتىپ كەتتى. پادىشا سوراپ بۇ كۆمۈشنى قايسىمىز ئالغان بولساق، سوراپ تىپىپ بەرەرمىكىن دەپ پادىشاغا كەلدۇك. پادىشا ئايتتى: سىلەر ئۇچ كۆندىن كىيىن كەلىڭلەر، ئاندىنمەن سۇراي، دەپ بۇلارنى پادىشالىق سارايىدىن چىقاردى. ئۇچ كۆن بولغاندىن كىيىن بۇلارنى پادىشا قىچقىرىپ، قوي ئۆلتۈرۈپ ئاش قىلىپ مەيمان قىلدى. بۇلار پادىشانىڭ ئىشىغا: بۇل هارام، بىز يەمەيمىز، دەدى. پادىشا بۇ سۆزۈن ئىشتىپ، ئاچىغى كەلىپ بۇلارنى قىچقىرتتى. سىلەرگە ئاش بەرسەم، نە ئۇچۇن هارام دەپ يەمەيسىزلەر، دەگەندىن كىيىن، چوڭ ئاغىسى ئايتتى: قوي ئىت ئەمگەن قوي ئەكەن، دەدى. پادىشا قويچىنى قىچقىرىپ، قوي ئىت ئەمگەنى راستمۇ؟ دەپ سۇرىدى. قويچى: ئەمگەنى راست، دەدى. ئىكىنچى ئىنىسى ئايتتى: بۇغداي تەرىگەن يەردەى ئادامنىڭ ئۆلگى بار ئىكەن، ئىنىڭ ئۇچۇن ئاشنى هارام دەدۇك. پادىشا ئاش تەرىگەن يەردە ئادامنىڭ ئۆلگى بار ئىكەن، ئىنىڭ ئۇچۇن ئاشنى هارام دەدۇك. پادىشا ئاش تەرىگەن كىشىنى قىچقىرىپ: سەن بۇغداينى نەگە تەرگەن، دەدى. ئۇل ئايتتى: بۇرۇن ئادام كۆمگەن يەر بار ئىكەن، مەن شۇ يەرنى تۈزەپ بۇغداي تەرىپ ئىدىم.

ئۇچىنجى ئىنىسى ئايتتى: ئۆزۈمنىڭ تۆبىگە ئادامنى كۆمگەن ئەكەن، دەدى. پادىشا باغچىنى قىچقىرىپ: سەن بۇ ئۆزۈمنىڭ تۆبىگە نە ئۇچۇن ئادام كۆمگۈن؟ دەدى. باغچى ئايتتى: كۆندە كىرىپ ئۆزۈمنى ئوغۇرلاپ كەتتى، بىر كۆن ماراپ ئولتۇردۇم، ئۇل ئوغرى كەلدى، تاياق بىلەن سوقۇپ ئىدىم، ئۆلۈپ قالدى، قورقۇپ ئۆزۈمنىڭ تۆبىگە كۆمۈپ ئەتتىم، دەدى. پادىشا يانا ئۇچ كۆندىن كەيىن كەلىڭلەر، دەدى.

ئۇچ كۆندىن كىيىن بۇلارنى پادىشا قىچقىرىپ مەيمان قىلدى، ئاندىن كىيىن پادىشا بۇلاردىن سۆز سۇرىدى. پادىشا ئايتتى:

بىر باينىڭكى بىر قىزى بار ئەكەن، تولا چىرايلىق قىز ئىكەن، بۇ قىزنىڭ بىر ئويناشى بار ئەكەن، ئون يىل بوپتۇ ئويناش قىلغىلى. بۇ ئون يىلنىڭ ئىچىدە بۇلار يامان ئىش قىلغىنى يوق. بىر كۆن ئۇل قىزنىڭكى ئاتائانىسى بۆلەك ئەرگە بەرىپتۇ. باياقى ئويناشى بىر ئۆيگە كىرىپ، ئىشىگىنى بەكتىپ ئۇل ئۆينىڭ ئىچىدە يىغلاپتۇ. ئۇل قىزنى ئۇل ئالغان كىشى ئۆيگە ئېلىپ كەتىپتۇ. بارغاندىن كىيىن ئۇل يىگىت قىزنىڭ قېشىگە كىرىپتۇ، ئۇل قىز يىگىتنى كۆرۈپ كۆپ يىغلاپتۇ. يىگىت سۇراپتۇ: سەن نەگە يىغلايسەن؟ قىز ئايتىپتۇ: ئون يىل بولغاندى، بىر ئويناشىم بار ئىدى، سەن شۇڭا ئوقشادىنىڭ، ئىنىڭ ئۇچۇن ئويناشىم ئەسىمگە كەلىپ يىغلىدىم، دەگەندىن كىيىن، ئۇل يىگىت ئايتتى: ئانداق بولسا، سەن بىرىپ شول ئويناشىڭنى رازى قىلىپ كەل، دەدى. ئۇل تۆندە قىز ئويناشىنىڭ قېشىغا كەتىپ باراتتى، ئۇچ يامان ئوغرىغا يولۇقتى. ئوغرى بۇ قىزنى بايلاپ ئالدى. ئوغرى بۇ قىزدىن سۆز سۇرىدى: تۆندە قايدا باراتتىڭ؟ قىز ئايتتى: بىر ئويناشىم بولدى، ئون يىل بولغان. مەنىڭ ئاتا-ئانام بۆلەك ئەرگە بەردى. ئۇل يىگىت مەنىڭ قېشىمغا كىرگەندە، كۆپ يىغلىدىم، ئۇل يىگىت سۇرىدى نەگە يىغلايسەن؟ دەپ، مەن ئايتتىم، بىر ئويناشىم بار ئىدى، ئون يىل بولغان، يامان ئىش قىلغىنىمىز يوق ئىدى، دەپ ئىدىم. ئانداق بولسا بىرىپ ئويناشىڭنى رازى قىلىپ كەل، دەپ ئەۋەتتى دەگەندىن كىيىن، بۇ ئۇچ ئوغرى بۇ قىزنى قوياپ بەردى. قىز ئاندىن ئويناشىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئويناشىنى قىچقىردى. ئويناشى ئورنىدىن قوپۇپ: سەن كىم؟ دەدى. مەن ئويناشىڭ پالانى قىز، دەدى. سەن نەمە كەلدىڭ؟ دەپ سۇرىدى. مەنى ئالغان ئۇل يىگىت سەنى ئۇل دوستۇڭغا ئەۋەتتىم، دەدى. ئاندىن كىيىن مەن سىلەردىن سۇرايمەن، بۇ ئۇچتىن قايسى ياقشى؟ ئالغان يىگىت ياقشىمۇ؟ ئويناشنى يىگىت ياقشىمۇ؟ ئوغرى ياقشىمۇ؟

چوڭ ئاغىسى ئايتتى: ئون يىل ئويناشى بولغان يىگىت ئوبدان ئەكەن. كىچىك ئىنىسى: پۇل خەشلەپ ئالغان يىگىت ئوبدان ئەكەن. ئىكىنجى ئىنىسى: باياقى ئۇچ ئوغرى ئوبدان ئەكەن، دەدى.

پادىشا ئايتتى: بۇ سۆزدىن ئىكىنجى ئىنىسى باياقى ئۇچ يۈز سەر كۆمۈشنى ئوغۇرلاغان ئەكەن، دەپ پادىشا سۇراپ، ئىكىنجى ئىنىسنى ئوغرى قىلىپ، پۇلنى تاپشۇرۇپ بەردى.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

# پېتربۇرگ كۇتۇپخانىسىدىكى نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدە



ئېلشات ئەيسا

يازغۇچىلار ھەققىدىكى خاس تەتقىقاتلاردا مۇئەللىپنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. بىر مۇئەللىپنىڭ ئەسىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، بۇزۇۋەتمەي، ئاتلاپ كەتمەي، ئاپتورنىڭ قول يازمىسى بىلەن يېزىلغان ياكى ئۆز نامىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن پايدىلانغاندىلا، ئاندىن ئىلىم ساھەسىدە ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇركلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام جەمئىيىتى شائىر ۋە ئەدىب شائىر ئەلشىر نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 570 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلىنىشى قارار قىلىندى. بۇ، ئەلۋەتتە ئېلىمىزدە نەۋايى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. قولىمىزدىكى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇئەللىپ ۋاپاتىدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن كۆچۈرۈلگەن ياكى نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئازغىنە تېكىستلەر ھازىرقى ئىلمىي ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى بۇ تېكىستلەر ئۇشبۇ تېكىستنىڭ كېيىنكى قول يازمىسى بولۇپ، نۇرغۇن جايلار ئاتلاپ كېتىلگەن ۋە ئىزاھ بېرىلگەن.

بۇ ئەھۋال پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىستانبۇلدا مەيدانغا كەلگەن تاش باسما نەشرىدە ئەمەس، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان تېكىستلەردىمۇ كۆرۈلگەن، ئەپسۇس بۇ نەشرلەر تاشكەنتتە تېپىلغان قەدىمكى قول يازمىلاردىن ناھايىتى ئاز پايدىلانغان. پېتربۇرگ كۇتۇپخانىسىدىكى شۇنداق ياخشى قول يازمىلاردىن

www.uyghurkitap.com



ئەسلا پايدىلىنىلمىغان.

بەزى دۆلەتلەرنىڭ كۈتۈپخانىلىرىدا ئاز - تولا مەلۇمات بېرىلگەن كاتالوگلىرى بار①. پېتىربۇرگ، تاشكەنت، قازان، باكۇ، تبىلىس، دۇشەنبە ۋە باشقا شەھەرلەردە ساقلانغان قول يازمىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كاتولوگى يوق، بەزىلىرىنىڭ چالا ھەم كونىراپ كەتكەن②. رۇس شەرقشۇناس ئالىملىرىنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى بۇ ساقلانغان قول يازمىلارنىڭ تولۇق بىر كاتالوگىنى تۈزۈشتىن ئىبارەت بولدى.

پروفېسسور ئا. ئا. سەمەنوفنىڭ «نەۋايى ئەسەرلەرىنىڭ پەرق ئېتىلىشى»③ ناملىق ئەسىرى بۇ كاتالوگنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پېتىربۇرگ مەركىزىي كۈتۈپخانىسىدا، پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق كۈتۈپخانىسىدا ۋە رۇسىيە ئىلىم- پەن ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا نەۋايى قول يازمىلىرىنىڭ قىممەتلىك نۇسخىلىرى ساقلاندى دېيەلەيمىز. پېتىربۇرگ كۈتۈپخانىسىدىكى ساقلانغان قول يازمىلارنىڭ سانى تاشكەنتتىكى قول يازمىلار ساندىن خېلىلا ئاز (پېتىربۇرگتا پەقەت 70 ئەتراپىدا، تاشكەنتتە بولسا 200 گە يېقىن قول يازمىلار بار). ئەلىشىر نەۋايى بىلەن ئەينى دەۋردە ياكى ئۇنىڭغا يېقىن دەۋردە ياشىغان شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرى پېتىربۇرگتا تېخىمۇ كۆپ. پېتىربۇرگتا نەۋايىنىڭ 15~17- ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى ھەممە ئەسەرلىرى (بۇ 15- ، 17- ئەسىرگىچە پۈتۈكچىلەر كۆچۈرگەن نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ) ساقلانغان. تاشكەنتتە پەقەت «خەمسە»، «دىۋان»، «مەجالىسۇن نەفايىس»قا ئوخشاش مۇھىملىرى تېپىلىدۇ. نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي نەشرى ئۈچۈن پېتىربۇرگتا ساقلانغان نەۋايى ئەسەرلىرى بەك مۇھىم.

نەۋايى ئەسەرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەزەربەيجان، ئىران ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەرگە تارقالغان. 15- ئەسىرگە ئائىت بەزى ئېسىل ئەسەرلەر بۇ يەرلەردە مەيدانغا كەلگەن.

پېتىربۇرگ مەجمۇئەسىدىكى ئەسەرلەر ھەققىدە بىر قىسىم باسما كاتالوگلار بار. قەدىمكى مەجمۇئەلەرنىڭ ۋە پېتىربۇرگتا ساقلىنىۋاتقان تېپىلغان ئەسەرلەرنىڭ يېرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەركىزىي كىتابخانىدىكى خانىكوۋ④ مەجمۇئەسىنىڭ تولۇق بولمىغان ۋە خاتالىق كۆپ بولغان كاتالوگى رۇس شەرقشۇناس ئالىمى دورن⑤ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى (قەدىمكى ئاسىيا مۇزېيى)دىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە پەقەت ئىلىم- پەن ئاكادېمىيەسىگە ئائىت كىچىك بىر مەجمۇئەنىڭ كاتالوگى بار، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك مەجمۇئەلەرنىڭ قىسمەن كاتالوگلىرىمۇ بار. ئۇنىۋېرسىتېت كۈتۈپخانىسى مەجمۇئەسىنىڭ كاتالوگلىرى قىسقىراق.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۈچ كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى قول يازمىلىرىنىڭ كاتولوگىدا بەزىلىرىنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئىزاھ بېرىلگەن. ماتېرىياللارنىڭ كەملىكىدىن پېتىربۇرگ كۈتۈپخانىسىدىكى نەۋايىنىڭ باشقا قول يازمىلىرىنىڭ تېپىلغان ياكى تېپىلمىغىنىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. كېيىنچە تولۇق بىر كاتالوگ تەييارلانسا، باشقا قول يازمىلارنىڭمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بۇ كاتالوگقا نەۋايىنىڭ بىر مۇنچە پارچە ۋە تۈركىي تىللىق مەجمۇئەلەردىكى تۈرلۈك شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قول يازمىلار كىرگۈزۈلمىگەن⑥.

كاتالوگتا نەۋايى ئەسەرلىرى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە سالنامە شەكلىدە تىزىلغان. بۇ كاتالوگنى نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن يىل تەرتىپىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلسا، بەلكىم تېخىمۇ توغرا بولاتتى.

1465~1466- يىلىدىن بۇرۇن دىۋان، تۇنجى تەرتىپى

1469~1487- يىلى ۋە 1482~1483- يىلى ئارىلىقى دىۋان ئىككىنچى تەرتىپى

1475~1476- يىلى ئارىلىقىدا تۇھفەتۇل ئەفكار

1481~1482- يىلى ئارىلىقىدا چىھىل ھەدىس

1481~1482- يىلى ئارىلىقىدا ۋەقفىيە

1483- يىلى ھەيرەتۇل ئەبرار

1484- يىلى پەرھاد ۋە شىرىن

1484- يىلى لەيلى ۋە مەجنۇن

1485- يىلى سەببەئى سەييارە

1485- يىلى سەددى ئىسكەندەر

1485- يىلى نەزمۇل- جەۋاھىر

1485- يىلى ۋە 1498~1499- يىلى ئارىلىقىدا تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما

1488~1489- يىلىدىن كېيىن تارىخى مۇلكى ئەجەم

1490~1491- يىلى ئارىلىقىدا ھالاتى سەيىد ھەسەن

ئەردىشىر

1491~1492-يىلى ئارىلىقدا مەجالىسۇن نەفائىس

1498~1499-يىلى ئارىلىقدا چاھاردىۋان

1491~1492-يىلدىن كېيىن مۇنشائات

1492~1493-يىلى ۋە 1495~ 1496-يىلى ئارىلىقدا خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن

1492-يىلدىن كېيىن مىزانۇل ئەۋزان

1494~1495-يىلدىن كېيىن ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد

1495~1496-يىلى ئارىلىقدا نەسايىمۇل مۇھەببەت

1498~1499-يىلى ئارىلىقدا لىسانۇت تەير

1499-يىلى مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن

1499~1500-يىلى ئارىلىقدا سىراجىئۇل مۇسلىمىن

1500~1501-يىلى ئارىلىقدا مەھبۇبۇل قۇلۇب

«ھاكامىمەتول لۇغەتەيىن» بىلەن «سىراجىئۇل مۇسلىمىن» پېتىربۇرگ مەجمۇئەلىرىدە يوق ۋە بۇلارنىڭ تارىخلىرى كاترمەر نەشرىدىن ۋە بەلىننىڭ ئەسىرىدىن ئېلىندى. كەلگۈسىدە نەۋايى ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقاتلار بۇ تىزىملىكنى پۈتتۈرۈشكە ئىمكان ھازىرلا. پېتىربۇرگ مەركىزىي كۇتۇپخانىدا تېپىلغان بەزى قەدىمكى قول يازمىلار ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىنىڭ نەپىس مەھسۇلى بولۇپ، بۇ قول يازمىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش بەكمۇ زۆرۈر.

نەۋاينىڭ بىر ئەسرى ئۈچۈن يېزىلغان بىر نەچچە قول يازمىلىرىمۇ كاتالوگلارغىمۇ تەۋە قىلىنغان. قولىمىزدىكى كاتالوگلاردا كىچىك مەجمۇئەلەرنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى نەزەردىن چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق مەجمۇئەدىكىلىرى بىلەن بىللە تېخىمۇ كۆپ قول يازمىلارنىڭ بۇگۈنگىچە كاتالوگى تۈزۈلمىگەن. ئىران كۇتۇپخانىلىرىدىكى تۈركچە قول يازمىلارغا كاتالوگتىن ھېچ ئورۇن بېرىلمىگەن.

ئىزاھاتلار:

(1) پارس ۋە ئەرەب يازمىلاردىن پەرقى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدىكى قول يازمىلاردۇر. ئىران كۇتۇپخانىلىرىدىكى قول يازمىلاردا باسما كاتالوگ يوق. ئەنگلىيە مۇزېيىدىكى كاتالوگتا قول يازمىلارنىڭ كەمتۈك بىر قىسمى بار. ئىستانبۇل قول يازمىلارنىڭ كاتالوگى كونىرىغان ۋە كەمتۈك.

②، ③ تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان قول يازمىلارنىڭ كاتالوگى پىروفېسسور ئا. ئا. سەمەنوۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ پەرق ئېتىلىشى» ۋە سەلتىكوۋا (M.S.Saltikova) «شەرق قول يازمىلار تەتقىقاتى» ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت خەلق كىتابخانىسى نەشرىياتى، 1940-يىل، 1944-يىل تاشكەنت.

④، ⑤ دورن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت لېنىنگراد (پېتىربۇرگ) نەشرىياتى، 1952-يىل.

⑥ «ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، كاتالوگلار» زىنتېرستىن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1928-يىل.

(ئاپتور: تيەنجىن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2010-يىللىق سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى كەسپىدىكى دوكتور ئاسپىرانتى)


## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



# ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش ئادەتلىرى

شەۋكەت ئىلاخۇن

سالاملىشىش سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ ئالاقە جەريانىدا پاراڭلىشىشنى باشلاش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ بەلگىسى. سالاملىشىش — كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە تەدرىجىي قېلىپلاشقان بىر خىل مۇناسىۋەت فورمىسى. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ سالاملىشىش ئادىتى، سالام-سەھەت سۆزلىرىدە مۇئەييەن ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر بولىدۇ. بۇ پەرقلەردىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى، كۆپ خىللىقى روشەن نامايان بولىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ سالام-سەھەت ئادىتىدە شۇ مىللەت ۋە خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆزىگە خاس تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. سالاملىشىش ئادىتى شۇ مىللەتنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسى، مەدەنىيەت ساپاسى، مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سالام-سەھەت ئادەتلىرى ئۇزاق مەزگىللىك ۋارىسلىق قىلىش، داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە پىسخىكىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئەنئەنىسىگە ئايلىنىدۇ، سالاملىشىش شەكىللىرىدىكى پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ياشىغان جۇغراپىيەلىك شارائىتى ۋە ئۆزىگە خاس سەرگۈزەشتىلىرى سەۋەب بولغان. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سالاملىشىش — بىر خىل ئەخلاق-پەزىلەت. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمىتى، ئىززەت-ئىكرامىنى

ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇنغا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق بولۇپ، سالام ـ سە-
ھەتكىمۇ ناھايىتى دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئۇيغۇر-
لارنىڭ سالام ـ سەھەت سۆزلىرى ۋە سالاملىشىش ئادەتلى-
رىدە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ-
ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ،
ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا
مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، تەرەققىي
قىلىپ، بېيىتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ سالام ـ سەھەت
ئادەتلىرىدىكى مىللىي ۋە دىنىي ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ
سالام ـ سەھەت ئادىتىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدا روشەن
ئەكس ئېتىدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»تە «بوي» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ، «تونۇش بول-
مىغان ئىككى ئادەم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن
سالاملىشىدۇ، كېيىن ‹بوي كىم ـ قايسى قەبىلىدىن› دەپ
سورايدۇ. جاۋاب بەرگۈچى ‹سالغۇر ـ سالغۇر قەبىلىسىدىن›
دەيدۇ ياكى كىتابىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان قەبىلە ناملى-
رىدىن بىر ـ بىرىنىڭ قەبىلىسىنى بىلىشىدۇ. ئوغۇزچە.»
دەپ① دەپ خاتىرىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم، پەيلا-
سوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە سالاملى-
شىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

« 5055. سالامدۇر كىشىگە ئېسەنلىك يولى،
سالامله قويۇلۇر ئېسەنلىك ئۇلى.
5056. سالامدۇر كىشىگە ئەمىنلىك ـ ئامان،
قىلىنسا سالام، ساق بولۇر ئۇشبۇ جان.
4111. كۆرەڭلەپ قولۇڭنى سېلىپ كىرمىگىن،
ئىلىك ئال سالامنى، غاپىل بولمىغىن.
4154. كىرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
كىرەكتۇر كىچىككە قىلۇر ئەيىنىنى»②.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا
كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل ئىدېئولوگىيە ۋە كۆپ خىل
ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا،
سالام ـ سەھەت ئەنئەنىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول ۋە كۆپ
قاتلاملىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم
قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان-
دىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئەرەبچە سالام-
سەھەت سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئىسلام دى-
نىنىڭ سالام ـ سەھەت ھەققىدىكى دەۋەتلىرىنىمۇ قوبۇل
قىلغان. مەسىلەن، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»، «ۋەئەلەيكۇم
ئەسسالام» دېگەن سالام سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى
بىلەن ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئىسلام دىنىدىكى
«نامەھرەملىك» قارىشى بويىچە ئاياللار يېقىن ئۇرۇق-
تۇغقان ۋە بىر ئائىلىدىكى ئەرلەردىن باشقا ئەرلەر بىلەن
سالاملاشمايتتى. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى
بولغان «قۇرئان كەرىم»دە «سىلەرگە بىراۋ سالام قىلسا،
سىلەر ئۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەل سالام قىلىڭلار ياكى
سالامنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار»③ دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ سالام ـ سەھەت شەكىللىرى كۆپ خىل
بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

(1) قول ئېلىشىپ سالاملىشىش، قول ئېلىشىپ سا-
لاملىشىش ئادىتى دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەردە كەڭ
ئومۇملاشقان سالاملىشىش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېپتىدا-
ئىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. بۇ
خىل سالاملىشىشتا سالاملاشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ ئوڭ
قولىنى بىر ـ بىرىگە ئۇزىتىپ، بارماقلىرىنى بوش قىسىپ،
يەڭگىل سىلكىيدۇ ھەمدە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋە-
ئەلەيكۇم ئەسسالام»، «تىنچلىقمۇ ؟» دېگەن سۆزلەرنى
دېيىشىدۇ. باشقىلار بىلەن يېڭى تونۇشقاندىمۇ شۇنداق
سالاملىشىدۇ. بۇ سالاملىشىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئومۇ-
لاشقان شەكلى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى قوللىنىد-
غان شەكىلدۇر.

(2) ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش. ھەر ئىككى تەرەپ
ئىككى قولىنىڭ ئالقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ، بىر
قانچە قېتىم يەڭگىل سىلكىپ قويىدۇ. بۇ خىل سالاملى-
شىش شەكلى ئادەتتە ئەرلەرگە خاس بولسىمۇ، يەنە ئىنتا-
يىن ئايرىم ئەھۋاللاردا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى-
دىكى ئاياللار ئارىسىدىمۇ ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش
ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

(3) قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش. «مەلۇم ۋاقىت كۆرۈ-
شۈش پۇرسىتى بولمىغان يېقىن تۇغقانلار ياكى ئەل ـ ئاغى-
نىلەر ئۇچراشقاندا، چوڭقۇر سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتى-
دە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن باشقا، ئۆزئارا قۇچاقلى-
شىپ تەبىئىي ۋە يەڭگىل ھالدا مەڭزىنى مەڭزىگە تەگكۈ-
زۈپ سالاملىشىدىغان ئادەتمۇ بار. تۇغقانلار ۋە يېقىن كى-
شىلەر يىراق جايلارغا سەپەرگە چىققىشقا تۇغرا كەلگەندە
ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە كۈچلۈك سېغىنىش ھېس-
سىياتلىرىنى ئۇقىرىقىدەك قۇچاقلىشىپ سالاملىشىش ئارقى-
لىق ئىپادىلەيدۇ»④. ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن يېقىن

تۇغقانلار، قېرىنداشلار، يار-بۇرادەرلەر، دوستلار كۆرۈشكەندە ئىشلىتىدىغان كۆرۈشۈش شەكلى بولۇپ، كىشىلەر ئۆزئارا بىر-بىرىنى مەھكەم قۇچاقلايدۇ. ھال-ئەھۋال سورىشىپ، بىر-بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتىپ، ئۆزئارا سېغىنىش ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، سالام-سەھەت سۆزلىرىنى قىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرىدا دىنىي ئېتىقاد يۈزىسىدىن ئەرلەر بىلەن ئاياللار كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ.

(4) قولنى مەيدىسىگە قويۇپ سالاملىشىش. بۇ خىل سالاملىشىشتا، ئەرلەر ئوڭ قولنى ئالقان تولۇق ئېچىلغان ھالەتتە سول كۆكرىكىگە، يەنى يۈرەك جايلاشقان ئورۇننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قەددىنى سەل ئېگىپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ. قارشى تەرەپمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش ھەرىكەتنى قىلىپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

(5) قول باغلاپ سالاملىشىش. بۇمۇ سالاملىشىشنىڭ خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلى بولۇپ، ئىككىلا قولنى كىندىك ئۈستىگە قوۋۇشتۇرۇپ، قامەتنى سەل ئالدىغا ئەگكەن ھالدا سالاملىشىپ، ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ. بۇ سالاملىشىش شەكلى ئالاھىدە ھۆرمەتلىك جامائەت ئەربابلىرى، مويسپىتلانى ئۇچراتقاندا؛ توي بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندا؛ ماتەم مۇراسىملىرىدا؛ توي، بايرام ۋە باشقا يىغىن، مۇراسىم داستىخانغا ئىشتىراك قىلغاندا ياشلار قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشىدۇ.

(6) ھاۋالە سالام. مېھماندارچىلىقتىن يانغان ياكى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى ئاتا-ئانا بىلەن باللار، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلار ۋە يار-بۇرادەرلەرگە «سورىغانلارغا سالام دەڭلار، سېغىنىپ سالام دېدى دەڭلار، مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇڭ، پالانچىغا بىزدىن سالام ئېيتىڭ!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق، يىراق-يېقىندىكى قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەر، ھەمساۋاقلار ۋە تونۇش-بىلىشلەرگە سالام يوللاپ، ئۆز سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ھاۋالە قىلىنغۇچى بۇ دۇئايى-سالاملارنى ئامانەت دەپ بىلىپ چوقۇم يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

چوڭلارنىڭ كىچىكلەر بىلەن كۆرۈشۈشى. ياشتا چوڭ كىشىلەر ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇپ كەلگەندە، قائىدە بويىچە چوڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، باللارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارغا كۆرۈشۈش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش يۈزىسىدىن باللار بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. ئاياللار سول قولنى ئالقىنى تولۇق ئېچىلغان ھالەتتە كۆكرىكىگە قويۇپ، ئوڭ قولنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سالام بېرىدۇ ياكى سالامغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھال-ئەھۋال سورىشىش ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ. بۇ سالاملىشىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەت بولۇپ ئومۇملاشقان. سالاملىشىشنىڭ بۇ خىل شەكلى كوچا-كويلاردا تونۇش-بىلىش، يېقىن-يورۇقلارنى ئۇچراتقاندا، ھۆرمەتلىك ئادەملەرنى ئۇچراتقاندا، مويسپىتلارنى ئۇچراتقاندا، كۆپچىلىك ئولتۇرغان سورۇنغا كەلگەندە، قول بېرىپ كۆرۈشۈش مۇمكىن بولمايدىغان باشقا ھاللاردا ئەنە شۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش ۋە كۆرۈشۈش ئادەتلىرىدە نۇرغۇن تەكەللۇپ سۆزلىرى بار بولۇپ، بۇنى بىلىۋېلىش ۋە ئۆز جايىدا ئىشلىتىش تولىمۇ زۆرۈر. كىشىلەر سالاملاشقاندا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تىنچلىقمۇ؟! سالامەتمۇ؟ باللار چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟! ئامان-ئېسەن تۇردۇڭلارمۇ؟! ھال-ئوقەتىڭىز قانداقراق؟! قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ھارماڭ!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھال سورايدۇ. مەيلى قانداق شەكىلدىكى كۆرۈشۈش ياكى سالاملىشىش بولسۇن، ئۇ ئۆز ئورنىدا، لايىقىدا ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق سالام-سەھەت سۆزلىرىمۇ ئېيتىلسا، ئۆزئارا سېغىنىش، مېھىر-مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، بىر-بىرىگە سالامەتلىك، ئاسايىشلىق، بەخت، ئېزگۈ تىلەكلەرنى تىلەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار سالام-سەھەتكە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئۇلاردا «سالام بېرىش، پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز» دەيدىغان ئاتىلار سۆزى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ-ئەخلاقىدا باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇچراشقانلىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشسۇن، تونۇشمىسۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالاملىشىپ، ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. سالاملىشىش ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما سالاملىشىشنىڭ شەكلى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەرقاي-
سى مىللەتلەر ئارىسىدا پەرقلىق بولىدۇ. سالاملىشىش —
ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. پەرزەنتلەر كى-
چىكىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىدىن سالاملىشىشنىڭ قائىدە ـ
يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ، سالاملىشىش تەربىيە كۆرگەنلىك-
نىڭ، ئاقىللىقنىڭ ۋە ئادەمىيلىكنىڭ بەلگىسى. سالام ـ سە-
ھەتتىنلا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان پوزىتسىيەسى نا-
مايان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئۆمۈر مۇراسىملىرىدا كۆرۈ-
شۈش، سالاملىشىش بەك كەڭ ئومۇملاشقان بولىدۇ.
سالام ـ سەھەتنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: كىچىكلەر
چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز ساندى-
لىقلار كۆپ سانلىقلارغا، ئۇلاغلىق كىشى پىيادىلەرگە، ئى-
شىكتىن كىرگۈچىلەر ئۆي ئىچىدىكىلەرگە سالام قىلىدۇ.
كىشىلەر سالاملىشىش ۋە ھال ـ ئەھۋال سورىشىش جەريا-
نىدا قارشى تەرەپ بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاشقا
دىققەت قىلىدۇ. بەك يىراق ياكى بەك يېقىن تۇرۇۋېلىش
سالاملىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا مۇئەييەن دەرىجىدە
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئارىلىق بەك يىراق، ئاۋازنى ئاڭلىغى-
لى بولمايدىغان ئەھۋاللاردا كىشىلەر ئىشارەت بىلەن سا-
لاملىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە جىنسىنىڭ
ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ سالاملىشىش ئادىتىنىڭ
شەكلى ۋە مەزمۇنىدىمۇ بەلگىلىك پەرقلەر كۆرۈلىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ سالاملىشىش ئادەت-
لىرىدە بەلگىلىك پەرقلەر بار. ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى
سالاملىشىش ئادىتىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى
يوق بولۇپ، ئۇلار ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن ئىككى قو-
لىنىڭ يەنجىسىنى كۆكرەك ئۈستىدىن ئالماشتۇرۇپ، بېشى-
نى ۋە بېلىنى يەڭگىل ئېگىپ، ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن
سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ، بىر-
بىرىنىڭ سول مەڭزىگە مەڭزىنى تەگكۈزۈش ئارقىلىق سا-
لاملىشىپ، ھال- ئەھۋال سورىشىدۇ. قىزلار بىر ئائىلىگە
كېلىن بولۇپ كىرگەندىن باشلاپ، ھەر كۈنى قېيىنئانىسى
ۋە قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىپ تىنچلىق ـ ئاماندى-
لىق سورايدۇ. مېھماندارچىلىقتا مېھمانلار جەم بولغان
ئۆيگە يەنە يېڭىدىن مېھمان كىرسە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەم-
مىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، يېڭى مېھمان بىلەن كۆرۈشىدۇ،
يېڭى مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە
مۇۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سالام-
سەھەت ئادەتلىرىدە خىلمۇخىل تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا
مۇئەييەن پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ سالاملىشىش ئۇسۇلى ۋە شەكلىدە ئومۇمەن بىر-
دەكلىك ساقلانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام ـ سەھتى بارا-
ۋەرلىك، ئىناقلىق، سەمىمىيلىك ۋە ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەب-
بەتنى مەزمۇن قىلغانلىقى ئۈچۈن، سالاملىشىش شەكلى ۋە
سالام سۆزلىرىمۇ ئومۇمەن تەڭ، باراۋەر، سەمىمىي يو-
سۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالغان كىشى-
لەرنىڭ سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشى-
شى ئۈچ ـ ئاداۋەتنىڭ ئۇنتۇلۇپ، ئارازلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ
كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «سالام — ئىللىك تارازىسىدىكى
شۇنداق بىر نېمەتكى، ئۇنى پەقەت ھۆرمەت تېشى بىلەنلا
ئۆلچەش مۇمكىن. سالاملىشىش، ئەھۋال سورىشىش، كۆ-
رۈشۈش ئىنسانغا خاس بولغان ئاجايىپ پەزىلەت، ئىنسان-
لىقنىڭ كۆركى، كىشىلەرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا يېتىلدۈر-
گەن ئۆزئارا ئالاقە پىرىنسىپى، ئەخلاقىي قىياپەتلىرىدىكى
نامالارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ»⑤. سالام ـ
سەھەت ئادىتى ۋە سالام ـ سەھەت سۆزلىرى بىر مىللەت-
نىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقىسى جەريانىدا شە-
كىللەنگەن ۋە قېلىپلاشقان. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل
ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئالاقە مەدەنىيىتى، ئەڭ
مۇھىمى تىل مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ
ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقە ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىش جەريانىدا
قىسمەن ئۆزگىرىدۇ، كۆپىيىدۇ ياكى يېڭىلىنىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 192 ـ بەت.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1045 ـ، 849 ـ، 855 ـ بەتلەر.

③ «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، نىسا سۈرىسى 86 ـ ئايەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 91 ـ بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 120 ـ بەت.

⑤ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، جېلىل ئۆمەر: «ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 116 ـ بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خاتۇشا

# (خىتتىم شەھرى)

— مۇستەبىت خىتتىم ئىمپېرىيە پايتەختى



## ئانادولۇ قەدىمكى مەدەنىيىتى

خاتۇشالار(Hattusha) خىتتىم (Hatti شەھرى) خارابىلىكىنىڭ ئورنى تۈركىيەدىكى چورۇم ئۆلكىسىنىڭ بوغازكوي (Bogazkoy) كەنتىدە بولۇپ، بۇ قەدىمىي شەھەر ئىچىدە خىتتىم پادىشاھىنىڭ خان ئوردىسى بار. شەھەرگە يېقىن جايدىكى ئالاجاخويوگ، خىتتىملىقلار ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان جاي. 1986 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم ـ پەن، مائارىپ تەشكىلاتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى مىراس دەپ بېكىتكەندىن كېيىن «دۇنيا مىراسلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ ئوتتۇرا شەرق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۆشۈكى. تۈركىيە بولسا ئوتتۇرا شەرقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى. يەنى كىشىلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنى بۈگۈنگىچە ئۇلاپ كېلىشىدىكى ۋاستە. ئەنگلىيە تارىخ مۇتەخەسسىسى تويىنبې (Toynbee) ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى 6000 يىلنى 26 گە بۆلۈپ چىققان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بابىلون، قەدىمكى مىسىر، خىتتىم، ۋىزانتىيە، قەدىمىي گرېتسىيە ۋە خرىستىيان دىنى، پىراۋۇسلاۋىيە دىنى ھەم ئەرەب، پېرسىيە (پارس) ۋە ئوسمانى قاتارلىق مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قەدىمىي تۇپراقتا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان، ئوخشىمىغان دەۋر مەدەنىيىتىدىكى بۇ ئاسارئەتىقىلەرنى تارقاتقان يەنىلا تۈركىيەدۇر.

قەدىمكى كىچىك ئاسىيا، يەنى ئانادولۇ، بۈگۈنكى تۈركىيەنىڭ ئاسىيا قىتئەسىدىكى بۆلىكى.

ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9000 ـ يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7000 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئانادولۇلۇقلار ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا بۇغداي تېرىپ ئۆستۈرۈشكە باشلىغان. باقمىچىلىقتا ئۆچكە، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنى بېقىشقا باشلىغان. تا بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي قەبىلە خارابىلىكى ئەنە شۇ ئانادولۇنىڭ جەنۇبىدىكى چاتالخويۇكتا. ئارخېئولوگ ئالىملىرىنىڭ بايقىشىچە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە، 13 چاقىرىم دائىرىدىكى چاتالخويۇكتا تەخمىنەن 6000 كىشى ئولتۇراقلاشقان. ئۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر پەقەت تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا پىششىق بولۇپلا قالماي، يېقىن ئەتراپتىكى ئىككى يانار تاغدىن ئوبسىدىئانت (ئەينەكلىك بىر خىل ئېتىلما جىنس بولۇپ، پۈتۈنلەي

دېگۈدەك يانارتاغ ئەينەكلىرىدىن بىرىككەن، قارا كۆل رەڭ رەڭدە بولۇپ، ھۈنەر-سەنئەت ۋە بېزەك بۇيۇملىرىنىڭ خام ئەشياسى بولالايدۇ) تاشلارنى يىغىپ كېلىپ خەنجەر ۋە ئەينەكلەرنى ياسىغان ھەم ئوبسىدىئانت تاشنى قولۇلە قىپى ۋە چاقماق تېشى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن. ئۇلار يەنە مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىمۇ ئىگىلىگەن. مىس ۋە قوغۇشۇندىن پايدىلىنىپ كېرەكلىك بۇيۇملارنى ياسىغان، قەدىمكى ئانادولۇقلار بەلكىم دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تۆمۈر ئىشلەتكەن بولۇشى ۋە ئىشلەتكەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000 يىللار ئاۋۋال بولۇشى مۇمكىن.

دۇنيادا قەدىمكى چوڭ-كىچىك يەتتە چوڭ مۆجىزىلەرنىڭ ئىككىسى ئانادولۇدا بولۇپ، ئۇلار ئىزمىردىكى ئايفىل (Eiffel) قەدىمىي شەھىرىدىكى ئاي پەرىسى بۇتخانىسى بىلەن كېلىيكارنىس (KaleyCarnes)تىكى كاريا (Karya) خان قەۋرىستانلىقىدۇر.

ئانادولۇ بولسا رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇن خىرىستىيان دىنى تارقالغان مۇقەددەس جاي. يەنى ئاڭلىشىمىزچە، ئىنجىلدا تەسۋىرلەنگەن ئېدېن (Eden) نى سۇغىرىدىغان سۇ بىر چوڭ دەريانى مەنبە قىلغان بولۇپ، دەريا سۈيى ئېدېندىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن تۆتكە بۆلۈنۈپ ئاققان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم تۈركىيەنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايوندا بولۇپ ئۇلار تىگرىس دەرياسى بىلەن ئېفرات دەرياسىدىن باشلانغان، ئانادولۇدىكى ئارارات (Ararat) تېغى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك يەر ئىكەن.

سانپالونىڭ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئانادولۇغا سەپەر قىلىش بىلەن ئۆتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنجىلدىكى مەزمۇنلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېرۇسالېمدا تۇغۇلغان مەريەم ئانا بالىلىرىدىن ئايرىلىپ خىرىستوس بولغاندىن كېيىن يۇرتىنى تاشلاپ شىمالغا بېرىپ، يەنى مۇشۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. يەنە خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال سېلىنغان يەتتە چېركاۋنىڭ ھەممىسى ئانادولۇغا سېلىنغان، ئۇلار ئېۋۇرىس، شىمەينا، پېرمومۇ، شىيادىلا، ساردىس، فىلادېلفىيە ۋە رائودىشېندىن ئىبارەت.

ھەيلى جۇغراپىيەلىك ئورنى ياكى ئىرق ئايرىمىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يەنىلا تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانادولۇ كۆپ خىل دىندىكىلەر يىغىلغان جاي. ئانادولۇنىڭ يەر شەكلى، ئېكولوگىيەلىك تەبىئىي شارائىتى بىر-بىرىگە ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ رەڭگارەڭ دۇنياسى بولۇپ قالغان. ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن كۆپلىگەن مىللەتلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي بۇ تاغلىق يەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى تۈزلەڭلىك ۋە ئېقىن دەريالار بىلەن ئۇچرىشىپ، تۈگىمەس سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن بەنت بولغان ھەم نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

مۇشۇ تۇپراقتىكى يېزىق خاتىرىلەنگەن قەدىمىي مەدەنىيەت خېتىم مەدەنىيىتىگە تەئەللۇقتۇر. ھازىرغىچە خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان تارىخىي يازمىلاردا، ئانادولۇنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسەن خېتىملىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خېتىم مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىلنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئانادولۇ ئېگىزلىكىنى ئۆزىنىڭ بۆشۈكى قىلغان 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت گۈللەپ ياشىغان. شۇڭا ئۇ قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خېتىم مەدەنىيىتى گەرچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، بىراق يەنىلا مۇستەقىل بىر تەرەپ بولالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تىگرىس دەرياسى بىلەن ئېفرات دەرياسىنى مەنبە قىلغان زېمىندىكى سۇبېرلىقلار ياراتقان مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس.

دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، «تەۋرات»تا كۆرسىتىلگەن خىتايت (Hittites)لار خېتىملىقلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. مېسوپوتامىيەدىكى ئىككى دەريا ئېقىنى بويلىغان زېمىندا، يەنى پەلەستىن ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاپارتما نەقىش، تەسۋىرىي يېزىق، شىنا يېزىقىدىكى لاي تاختىلارغا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەر ۋە باشقا ئويما بۇيۇملار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. خېتىملىقلارنىڭ تارىخى گەرچە ئانادولۇدا بولسىمۇ، بىراق تاكى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ئۇ پەقەت ئىنجىلدىكى كۆرسەتمىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجە يارىتىشقا ئاجىزلىق قىلغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى پەقەتلا بىلمىگەن.

ئۇنداقتا، بۇ سىرلىق قەدىمىي ئىمپېرىيەنىڭ ئورنى زادى قەيەردە؟ ئۇ قانداق بايقالغان؟ بۇ سىر، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ كېيىنكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرىمىز بىلەن يېشىلگۇسى.

«دۇنيا مىراسلىرى» كىتابىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر (شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرچە ئېتىقاد ۋە قاراقۇشۇنلۇق

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىمدە قايسىدۇر بىر ئەدىبنىڭ قومۇشلۇق ئىچىدىكى ئۆردەك تۇخۇملىرىنى، قىزىق قۇمغا قاقلاپ سوقۇپ تەييارلانغان بالىق ① تالقانلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغان، كېسىلگەن ياش توغراق نوتىلىرىدىن تامچىغان سۇنى توغرۇغۇ قىلىپ ئىشلىتىدىغان ياكى ئۇنى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ شىپالىق دورىسى ئورنىدا ئىچىدىغان لوپنۇرلۇقلار ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى مەندە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇرغانىدى. تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇلار قورۇقلۇقتىن ئايرىلغان قومۇشلۇق ئارالدا سالغا بىلەن بېلىق تۇتۇپ، دالا كېزىپ ياشايدىغان چۆلچى ۋە ئوۋچى خەلقتەك جانلىناتتى! كېيىن بۇلارغا ئۇلۇغ سەيياھ ئۆردەكنىڭ كىروران قەدىمكى شەھىرىنى بايقىغانلىقى ھەققىدىكى ئاجايىپ ھېكايىلىرى قوشۇلۇپ، لوپنۇر خىيالىمدا ساماۋى چۆچەككە ئايلاندى.

1987-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى ئىككى ئايلىق لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش دالا پىراكتىكىسىغا ئاتلانغاندۇق. شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتىلەردە لوپنۇرغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئازات سۇلتان مۇئەللىمنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ باشلىنىشى بولسا كېرەك، ئۇ ئالدىن كېلىپ ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بۇ ئىجتىمائىلىق ئۇستازنىڭ ئەمدىلا تۇرمۇش بوسۇغىسىدىن ئۆتكەن 30 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىتلىك

① بېلىق لوپنۇر شېۋىسىدە «بالىق».

دەۋرى بولۇپ، مېنىڭ ئازات مۇئەللىمنى بىلىشىم شۇنىڭ-
دىن باشلانغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش
ئىشلىرى يېڭى باشلانغان ھەم ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىي-
ياتىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا كۆچلۈك مەسئۇ-
لىيەتچانلىق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن كىرىشىۋاتقان
چاغلىرى ئىدى. غۇنچە بوي، چوڭراق رامكىلىق كۆزەيد-
نەك تاقىغاندىكى ئۇيچان، تەلەپچان كۆزلىرى بىزدە
ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە با-
زارنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق جايلاشقان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ئاشخانىسىدا كەچلىك تاماقنى يەپ، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ
شىمالىغا جايلاشقان 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كونىراپ
كەتكەن سۇپىلىق ياتاقلىرىغا جايلاشتۇق. گەرچە مەكتەپكە
ئىككى قەۋەتلىك يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنىۋاتقان بول-
سىمۇ، ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە ياشاۋاتقان بىزدەك
ھەردەمخىيال ئوقۇغۇچىلارغا كۆز ئالدىمىزدىكى ھالەت
بەكمۇ ۋەيرانە كۆرۈنمەكتە ئىدى. بىراق مەن يېزىدا
ئۆسكەن، شۇڭا ئۆزۈم تەلپۈنگەن لوپنۇر يېزىلىرىنىڭ
تەقىس، يوچۇن ۋە جاپالىق ھاياتىغا دادىل يۈزلىنىشكە
تەييارلاندىم.

ئىككىنچى كۈنى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ ئورۇنباسار ھا-
كىمى مۇھەممەد ئەمەت بىزدىن ھال سوراپ يىغىن ئاچتى.

— لوپنۇر تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنى
ھاياتلىق ماكانى قىلغان ۋە لوپنۇر كۆلى بىلەن مەشھۇر
بولغان قەدىمكى جاي! ئۇنىڭ ئاھالىسى 70 مىڭدىن
كۆپرەك بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمى-
دىن ئازراق، يەر مەيدانى 60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر.
تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ 117 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. جە-
نۇبىي قىسمى تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىنى ئارىلاپ،
چەرچەن، چاقىلىق ناھىيەلىرىگە؛ شەرقىي شىمالىي تەڭرى-
تاغ ئېتىكىگە، غەربىي تەرىپى بۈگۈر، كۇچا ناھىيەلىرىگە؛
شىمال چېتى كورلا شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

لوپنۇردا تارىم، شىڭپىڭ، ئىنتىپاق، ئاقسۇپى، دۆڭ-
قوتان ۋە قارچۇغىدىن ئىبارەت ئالتە يېزا بار. مىللىتىمىز-
نىڭ مەنىۋى بايلىقلىرى لوپنۇر كۆلىدەك يوقىلىپ كېتىۋات-
قان، مەدەنىيەتنىڭ شاھىتلىرى بولغان بوۋاي-مومايلار
ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ناھىيەمىزگە كەلگەنلىكىڭ-
لارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. سىلەر ئارقىلىق بىزدە لوپ-
نۇرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۈمىد پەيدا
بولدى، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى مۇھەممەد
ئەمەت.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىز تارىم، شىڭپىڭ ۋە
دۆڭقوتاندىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يەنە يولغا
ئاتلاندۇق.

شۇنداق قىلىپ گۇرۇپپىمىز 5-ئاينىڭ 27-كۈنى
چۈشتىن كېيىن لوپنۇر بازار ئىچىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى دۆڭقوتانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ يېزا ناھى-
يە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەسلى
كونا لوپنۇرنىڭ ئورنى دۆڭقوتاندا بولسا كېرەك، ئۇنىڭ-
دىكى بەزى ئىزلار بۇ جاينىڭ قەدىم جايلىقىنى كۆرسىتىپ
تۇراتتى. بىز دۆڭقوتانغا كەلگۈچە ئۆتكەن دەرياسىنى ۋە
شورلۇق ئۆرلەپ تۇرغان كەڭ توغراقلىق دالانى كېسىپ
ئۆتتۇق. ئەتراپنى زەي پىچانلىق قاپلىغان ئوگرى-
دوگرى يول گويا ئىچكىرى تەكلىماكانغىچە سوزۇلىدىغان-
دەك قىلاتتى.

بىز تەخمىنەن بىر سائەتلەردىن كېيىن دۆڭقوتان يېزا
مەركىزىگە يېتىپ كېلىپ، كونا دادۈينىڭ ئورنى بولسا
كېرەك، شاخ-شۇمبا بىلەن يېپىلغان ۋە ئاستى-ئۈستى
بۇلۇڭلىرىغا شىۋاق ئۆسۈپ كەتكەن پاكار ۋە زەي ئۆي-
لەرگە ئورۇنلاشتۇق. سىرتتىن قارىسا ھازىرلا ئۆرۈلۈپ
چۈشىدىغاندەك قىلىپ، قىڭغىيىپ قالغان بۇ ئەسكى ئۆي-
لەرگە ئازراق تازىلىق ۋە تۈزەشتۈرۈشتىن كېيىن، ئىنسان-
نىڭ ھىدى ۋە قىزلارنىڭ مېھرى بىلەن سىن قوشۇلدى،
پات-پات قىزلارنىڭ قوڭغۇز، ئۆمۈچۈكلەردىن قورقۇپ
ۋارقىرىغان ۋە يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

دۆڭقوتان لوپنۇرنىڭ ئەڭ چوڭ يېزىسى بولۇپ،
مىرسالى («مىرزا سالى» دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن)،
تاتلىق، دۆڭمەھەللە ۋە خورجا چارۋىچىلىق مەيدانى قا-
تارلىق جايلىرى بار. بۇ جاي يەر شارائىتىغا يارىشا چار-
ۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان. شۇڭا يېزىلاردا تۇتاش ئۆيلەر
يوق، يېزا مەركىزى ئەتراپىدىكى كىچىك كۆجۈم دائىرىنى
ھېسابلىمىغاندا، قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ۋادەك
ۋە توغراق تاللىرىدىن توقۇلغان قاشا ئۆيلەر كەڭ دالاغا
تەكشىسىز تارقالغان. يىراقتىن قارىساڭ قوغۇنچىنىڭ سۇ-
رىسىگە ياكى ئورۇشتا ئۆلگەن جەڭچىلەرنىڭ تۇغ دۆۋىلى-
رىگە ئوخشايدىغان بۇ ساتما ئۆيلەر ئاپتاپتا بۇزۇلۇپ ۋە
شامالدا يەلپۈنۈپ كۆرۈندۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىچى

يامان ئەمەس بېزەلگەن بولسىمۇ، تورۇستىكى يوچۇقلاردىن قۇياش نۇرى يىڭنىنىڭ كۆزىدەك ياكى پىچاقنىڭ بەسىدەك قىيغىتىپ چۈشىدۇ، شامال چىقسا ئۆيلەر يەڭگىل تەۋرەپ، پۈتۈن دالا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىدەك گۈركىرەيدۇ. جەنۇبىي مىرەن قەدىمكى شەھىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كېتىدىغان دۆڭقوتان — قارچۇغا دالاسى چۆل، ئورمانلىق ۋە سازلىق بىرلىشىپ كەتكەن چەكسىز زېمىن بولۇپ، بۇ يەر دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كەندىرى، زەھەرلىك ئوت، قومۇش، كۆكيانتاق، كۆرۈك قاتارلىق بۇلۇق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان. بولۇپمۇ تالڭ شەپىقىدەك تاۋلانغان پوتا ① بىلەن باغجانلاپ ئۆسكەن سۇلۇق ياش توغراق بۇ يەرنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە خاسىيتى، چۆلنىڭ قۇدرىتىنى، جەزىرە كىشىلىرىنىڭ هاياتىي كۈچىنى، ئىنتىلىشىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. يىراقتىن قارىساڭ، پارقىراپ كۆرۈنىدىغان سۇلۇق دالادىكى كونا توغراقلار قالپاق كىيىپ سال ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئۆردەكباينى ئەسلىتىدۇ.

— ياشلار باهارنىڭ گۈللىرى، گۈل ئېچىلمىسا باهارنىڭ خاسىيتى ۋە يازنىڭ بەرىكىتى بولمىغاندەك، ياشلىقسىز ئۆمۈرنىڭ زىنىنتى يوق. ياشلارنىڭ قەددى قىرچىندەك② تۈز، ئالمىدەك قىزىل بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلەرنىڭ بىردە سىنىشىمۇ يۈزۈڭنى جاڭگال بېسىپ، بېلىڭ دوڭغاق توغراقتەك پۈكلىنىدۇ. شۇڭا ياشلار قېرىلارنى دوراپ، مەسخىرە قىلماسلىقى كېرەك. چوڭلارمۇ باللارنىڭ يۈرۈش - كىيىنىشلىرىگە قاراپ ئۇلارنى بىهۇدە ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى بىزنىڭمۇ ياشلىقىمىز بولغان. يەنە بىرى، هازىر يۇرتىمىزدا قىز - ئاياللارغا ئالا - باغىرلىق ③، گۇپيا ④ قىلماسلىق ئەھۋاللىرى بار. ئۇلارنى ئىنەڭلار⑤دەك هۆرمەتلەڭلار، چۈنكى هەممىمىز بىر ئانىدىن تۇغۇلغان، — مانا بۇ تۇنۇگۈنكى مىرسالى يېزىسىدىكى روزا ھېيت نامىزىدا قۇملۇق دۆڭنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئۆيدەك سېلىنغان مەسچىتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئانچە كۆپ بولمىغان نامازخانلارغا قىلىنغان سەۋىيەلىك تەبلىغ - ناسات ⑥نىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى.

بىز هازىر ئەنە شۇ ياسىن ئاسىم ئىسىملىك ئېگىز، ئۇستىخانلىق، ياشلىقىدا كۈچتۈڭگۈرلۈكى چىقىپلا تۇرىدىغان، ئۇزۇن، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق، سەل ياپما قاپاقراق، ئەمما سىيلىق - سىپايە، 60 ياشلىق يۇرت مۆتىۋىرىنىڭ ئۆيىدە هېيتلىغاچ ئۇنىڭ ئېغىزىنى كوچىلاپ ئولتۇرۇپتۇق.

— باللىرىم، لوپنۇر كۆنچى دەرياسى قىرغىقىدىكى ناهىيە بولغىنى ئۈچۈن، بۇرۇن «كۆنچى ناهىيەسى»، ئېغىز تىلىدا «لوپ» دەپمۇ ئاتالغان. ئوجۇللۇقلار لوپنۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى كىروراندا ياشىغان قەدىمكى تارىملىقلار ئىدى. لوپنۇر شىۋىسىدە «تارىم» دەريا دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئانا دەريانىڭ كىروراندا كۆپ قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى لوپنۇرنىڭ ئورنى ۋە تەۋەلىكىنى مۇقىمسىز قىلغان. بۈگۈنكى دۆڭقوتان كونا لوپنۇرنىڭ بىر قىسمى ئىدى. دۆڭقوتاندا قاراقوشۇنلار، «جوداق»لار دەپ ئاتالغان يۇلتۇز موڭغۇللىرى، ئالتە شەھەردىن چىققان قېرىنداش - يانلار، قىرغىزلار ۋە بىزدەك سارتلار① بار، سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆيگە هېيتلاپ ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى، — مانا بۇ قۇلىقى قىزىپ كەتكەن ئۇزۇن قۇلاقلارنىڭ بىرسى، ئاۋۇ بوۋاي، — دەپ كۆز ئىشارىسىدە كۆرسەتتى — ياقۇپ داموللا، قىرغىز؛ يەنە بىرسى بولسا قالماق، قاسىم هەيدەر؛ يوغان گەۋدىسى بىلەن، گۆشلۈك يۈزلىرىدىن كۆرۈۋالساڭلار بولىدۇ، لېكىن بىز هازىر ھەممىمىز ئۇيغۇرلىشىپ ياشايمىز، — دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈردى ياسىن ئاكا.

ياسىن ئاسىم ئاكا 1920 - يىللىرى دۆڭقوتاندا تۇغۇلۇپ، 1937 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شىڭ شىسەينىڭ شۇ يىللاردىكى قىرغىنچىلىقىدا قارا شەھەردە تۈرمىدە يېتىپتۇ. كېيىن ل. مۇتەللىپ ۋە ئىبراھىم تۇردىلار بىلەن تونۇشۇپتۇ. 1960 - يىللاردا چاقىلىق ناهىيەسىگە

---

① لوپنۇر شىۋىسىدە قىزىل يۇلغۇن.
② لوپنۇر شىۋىسىدە توغراقنىڭ يېڭى چىققان نوتىسى.
③ لوپنۇر شىۋىسىدە ئالا كۆڭۈللۈك.
④ لوپنۇر شىۋىسىدە ۋاپاسىزلىق قىلىش.
⑤ لوپنۇر شىۋىسىدە ئانا - ئاپا.
⑥ لوپنۇر شىۋىسىدە نەسىھەت.

ھاكىم بولۇپتۇ، ھازىر ناھىيەدە بىر قانچە ۋەزىپىسى بار چولڭ ئاقساقال ئىكەن.

ــ لېكىن، ــ دەپ جىددىيراق تۇستە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ياسىن ئاكا، ــ 1945ـ يىللىق «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى»دا بىللە بىلىم ئاشۇرغان ساۋاقدىشىم بىلەن 1985ـ يىلدىكى لوپنۇردا ئۇچرىششىمىز ۋە ئارىمىزدا بولغان گۇپاسىزلىق مېنى ئۇمىدسىزلەندۇردى. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ھېيتچىلارنىڭ كىرىپ- چىقىشلىرى بىلەن سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى.

خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بۇ كىشىنىڭ كەيپى چاغ پۇرسەتنى تېپىپ، ھېلىقى ھېكايىنىڭ داۋامىنى چۈشۈردۇم.

ئەسلي ياسىن ئاكا 1970ـ يىللاردىن باشلاپ لوپنۇر دىيالېكتى، تارىخى، تەزكىرىسى ۋە بەزى ئەسلىمىلىرىنى قوشۇپ بىر كىتاب يېزىپتۇ. كۆرۈشمىگىلى يېرىم ئەسىرچە بولغان ساۋاقداش دوستى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تىل تەكشۈرۈش مەقسىتىدە لوپنۇردا پەيدا بولۇشى ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋېتىپتۇ، دوستى ياسىن ئاسىمدا ياخشى ماتېرىيالنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ بېقىش شەرتى بىلەن ئېلىپتۇ، ئەمما ئارىلىقتا ئۈزىمۇ، كىتابمۇ يوقىلىپتۇ. بۇ ئىش ياسىن ئاكىغا بەكمۇ ھار كېلىپ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە ئەينى چاغدىكى سابىق مۇدىر ھاكىم جاپپارلارغىچە ئىنكاس قىلىپتۇ... بولۇپمۇ ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئوغلۇم تۇرسۇن، قېنى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ، ساۋاقداشلىق مېھرى، زامانۋى ئاۋات شەھەر بىلەن لوپنۇردەك چەت سەھرالاردا ياشاش پەقەت بىر قىسمەت! ئۇرۇمچىدەك مەدەنىيەتلىك چولڭ شەھەردە ئەنە شۇنداق بىر ئەخلەتلەر ئۈچۈپ يۈرگەندەك، دۆڭقوتان چۆللۈكلىرىدە يولۋاسلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق لازىم» دېگەن ئاچچىق مەسخىرە گەپلىرى مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

بۇ يىلقى روزا ھېيتنىڭ پىراكتىكىنىڭ باشلىنىشىغا توغرا كېلىشى بىزنى سەل ئالدىرىتىپ قويغانىدى، شۇڭا نامازغا قاتنىشىپ ئالدى بىلەن دۆڭقوتان خەلقىگە سالام بېرىش، ئۇلار بىلەن تونۇشۇش ۋە زىيارەت ئوبيېكتلىرىنى دىتلاش مەقسىتىگە يەتتۇق. مەن نامازدا ئىمامەتچىلىك قىلغان ئۆلىما ياقۇپ ئاكىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش نىشانى قىلىپ تاللىدىم. داموللا 65 ياشلاردىكى ئۆچكە ساقال، كۆزلىرى قىسىق، يۈزلىرى قوغۇن ئورۇقىدەك ئۇزۇنچاق، شىراق ئادەم بولۇپ، گەپ قىلغاندىكى پەس، يۇمشاق ئاۋازى ۋە سەل كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بوز چىرايى ئۇنىڭ بەكمۇ ھالال ۋە مۆمىن ئىنسانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئامان- ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ ــ سالام بىلەن كىردىم بىر كۈنى داموللىنىڭ يېزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ھويلىسىغا، بوۋاي ھويلا- ئارام ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىكەن. مەن كېلىش مەقسىتىم، ياقۇپ ئاكىنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە باللىرى ھەققىدە سورىدىم. بىز خېلى ۋاقىتقىچە ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئازادە پاراڭلاشتۇق.

ــ موللام، ھېيت نامىزىدا «خەتمقۇرئان» قىلدىلا، سىلى دىنىي ئىلىمنى قەيەردىن ئۆگەنگەن، نامازغا كەلگەن ئادەم ئازغۇ؟ ــ سورىدىم ئۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا ئۆز مەقسىتىمگە قايتىپ.

ــ يانلار لوپنۇردا ئاچقان دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم. لوپنۇرغا ئىسلام كېيىن كەلگەن. شۇڭا بۇ يەردىكىلەر ئەرەب تىلى ۋە سۈرىگە زادىلا ماسلىشالماي، ئالتە شەھەردىن كەلگەن موللاملار ئۇلارغا سۈرىلەرنىڭ مەنىسى ئاساسىدا «ئۇيغۇرچە دۇئا»لارنى ئۆگەتكەن.

ــ «ئۇيغۇرچە دۇئا» دېگەن قانداق گەپ؟ ــ داموللامنىڭ ئېغىزىدىن بۇ سۆز تاسادىپىيلا چىقىپ كەتكەنمۇ قانداق دەپ ھەيرەتلىنىپ تۇراتتىم، بوۋاي مەن سىزگە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش دۇئاسىنى ئېيتىپ بېرەي دەپ ئوقۇپلا كەتتى:

ئاغزىڭغا بەردىم كەلىمەئىي شاھادەت،
بۇرنۇڭغا بەردىم نۇشئىي تاھارەت.
قۇلاقىڭغا بەردىم سەلئەتى قامەت،
بۇنىڭ ئارقىسى قاندى دۇرۇۋە،
ئۇنىڭ ئارقىسى مۇقادۇرۇۋە،
ئەسلي بىزمۇ بارايلى دېۋىدۇق،
ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىپ قالدىڭ،
بىز بارغۇچە خۇدايىمغا ئامانەت!
ياخشى يولغا كىرگەن، يامان يولغا كىرمىگەن،
ئازازۇل بىر كىشى بەلكى مىڭ كىشى،
چىلڭ تۇر، بەك تۇر،
ئاغام- دوغام، ئاغام- دوغام!

www.uyghurkitap.com



ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن، تېخى
لوپنۇر شىۋىسىمۇ ئارىلاشقان بۇ تېكىستلەرنىڭ بىر قىسمە-
نى ئاران دېگەندە ئاققا چۈشۈرەلىدىم. قوشاق ئۆلۈم ئۇ-
زىتىش مۇراسىمىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاپات
بولغۇچىغا قىيالماسلىق ھېسسىياتى ۋە ئۆلۈمنى مەنسىتمەس-
لىك تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن. بۇ نېمىدېگەن قالتىس گەپ!
«ئۇيغۇرچە دۇئا» دېسىلە، مەن ئىسلامغا «ئانا تىلى»دا
ئېتىقاد قىلىش ھەققىدە تۈركىي دۇنيادىكى ئۇلۇغ جەدد-
تىزمچى، تاتارىستانلىق ئىسمايىل گاسپىرانسكى، مۇسا جا-
رۇللا؛ مىللىي ئويغىنىش دەۋرى ئۆزبېك ئەدەبىياتى دا-
نىشمەنلىرىدىن مەھمۇد خوجا بەھبۇدى، ئابدۇللا ئەۋلا-
نى؛ كاشغەردىكى ئابدۇقادىر داموللا، ھەتتا تۈركىيەدىكى
بۈيۈك ئىسلاھاتچى، ئاتا تۈرك ــ مۇستاپا كامالLارنىڭمۇ
سۆز ـ ھەرىكەتتە بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان. پەقەت 16 ـ ئە-
سىردىكى گېرمانىيەلىك دىنىي ئىسلاھاتچى مارتىن لوتېر
دىنىي دوگمىلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، «ئىنجىل»نى
گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىپ، «خىرىستىيان دىنى»غا «ئانا
تىل» بىلەن، يەنى گېرمانچە ئېتىقاد قىلىش شوئارىنى ئوت-
تۇرىغا قويغان. لوپنۇر جۇغراپىيەلىك ئايرىملىق سەۋەبى-
دىن تا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نە پەننىي، نە
دىنىي ئىلىملەردە بولسۇن زادىلا ئاقارتىلمىغان، پەقەت
قارا بۇدۇن ھالىتىدە قالغان. ئالتە شەھەردىن چىققان ئۆلى-
مالار بۇ ئىشنى ئامالسىزلىقتىن ئويلاپ تاپقان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ بىر ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.
چۈنكى قانۇنىيەت ۋە ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاددىي ۋە
ئۇلۇغ، يەنە كېلىپ تاسادىپىيلىق ئىچىدىكى ئالاھىدە شا-
رائىتتا ئىجاد قىلىنغان. لوپنۇر خەلقى ئىسلامغا ئەڭ كېيىن
كىرىپ ئۇيغۇرچە ئېتىقادقا ھەممىدىن بۇرۇن ئادەتلەنگەن
بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش سىرتىدا ھېچقانداق پىكىر-
ئىنكاس قوزغىماي تۇنجۇقۇپ قالغان. دۇئا بىلەن شېئىر
تىلتۇمار ۋە ئوخشاشلا ھېكمەتتۇر. جالالىدىن رۇمىنىڭ
«مەن شېئىر ۋە شائىرغا ئۆچ، پەقەت تەبلىغ قىلىشقا
قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن گەپلىرىمنى شېئىر بىلەن
يازدىم» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. بۇ ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇم
بىر ئەللامە شائىر تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى تەكلىماكان
خىلۋەتلىرىدىكى ياۋا گىياھتەك ئاددىي بىر ئىنساننىڭ نۇ-
تۇقىدا ئىجاد قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن «ئۇيغۇرچە دۇئا» دېگەن بۇ كە-
لىمە ياشلىقتا يۈرەككە چۈشكەن ئاشىقلىق چوغىدەك ۋۇ-
جۇدۇمنى بۆلەكچىلا قىزىتىپ كەلدى. سۆز تەگرىنىڭ ئىن-
سانغا ئىنئام قىلغان ئۇلۇغ نېمەتلىرىنىڭ بىرى. مەن
بولسام، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئاشۇ سۆزگە تېۋىنىپ ۋە
ئۇنىڭ سېھىر تورىدا بەنتلىنىپ ياشاپ كەلدىم.

دۆڭقوتانغا يېڭىدىن كەلگىنىمىزدە كۆنلەر پالاستەك
سۆرەلمە بولسا، ئەمدى قۇملانى توزغىتىپ ئۆتىدىغان قا-
ناتلىق شامالLاردەك ئۇچماقتا ئىدى. ياتىقىمىز بىلەن دا-
موللىنىڭ ئۆيى ئۈچ كىلومېتىر كېلەتتى. ئارىلىقتىكى يول
قويۇق، قالايمىقان ۋە كىرىشىپ كەتكەن توغراق، جىگدە
تاللىرى بىلەن قاپلانغان. يول بىلەن ئېرىق خۇددى ماتې-
ماتىكىدىكى قوش يۆنىلىشلىك ئەگرى سىزىقتەك قەدەمدە
كېسىشىپ تۇرىدىغان بۇ تار يولدا تالاي ماڭغان، شۇنداق
قىلىپ داموللىنىڭ قاچان ۋاقتى بولسا، شۇندا بېرىپ دې-
گەندەك ھازىرغىچە «رۇستەمى داستان»نىڭ بىر قانچە
بابىنى خاتىرىلەپ بولدۇم. ياقۇپ ئاكىنىڭ مەزكۇر داستان-
نى بىلىشى لوپنۇردا «شاھنامە» خانلىق مەجلىسلىرىنىڭ
بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ داستاننىڭ خەلق ۋارىيانتىمۇ،
يازما نۇسخىسىمۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا كىتاب يوقالغانمۇ
ياكى موللام كۆرسىتىشنى خالىمىدىمۇ بۇ سوئاللار نائېنىق
پېتىچە قېلىۋەردى. مەن كېيىن داموللىنىڭ ھېكايە شەكلىدە
ئېيتقانلىقىغا قاراپ، بۇنىڭ ئۇلۇغ پىردەۋسىنىڭ 18 ـ ئەسىر
مۇئەللىپلىرىدىن شاھ موللا ھىجرانىي «شاھنامەئىي
تۈركىي» نامىدا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نەزمىي ۋارىيانتى-
دىن ئوقۇلغانلىقىنى سەزدىم.

جۈمەگە بېرىش، توي ۋە ئۆلۈم، ئېتىز ۋە چارۋا
ئىشلىرى سۆھبىتىمىزنى ئاقساتتى. يەنە كېلىپ داموللىنىڭ
ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە خېلىدىن بېرى ۋائىزلىق قىلمىغانلى-
قىدىن بولسا كېرەك، ھېكايە ئاستا ئېيتىلاتتى. شۇنداقتىمۇ
ئۇنىڭ ئېغىزىدىن رۇستەم، تەھمىنە، سوھراپ، سىياۋۇش،
فەرەنگىس ۋە بەرزۇ قاتارلىق يورۇقلۇق كۈچلىرى؛
يولۋاس ، دىۋە، جىن، شىر ، ئەجدىھا، لەھەڭ ۋە ئاپراس-
ياپ (پىردەۋسى ئىران مەۋقەسىدە تۇرۇپ بىزنىڭ قەھرى-
مان ئەجدادىمىزنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسەتكەن) تەك
سەلبىي قەھرىمانلار؛ گۆرزە، كامان، كەمەندە، نەيزە،
قىلىچ، قالقان، ساۋۇت، دۇبۇلغا، سالما ۋە پالاخمان كەبى
ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇرۇش قوراللى ئاتالغۇلىرى تۆكۈلۈپ

تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ غوجىسا ① زەنجىلىكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

پىراكتىكىمىزغا ئۈچ ھەپتىلەر بولغاندا كېلىشكىنىمىز بويىچە دامولللامنىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدىم. پاكار شورا تاملىرى ئۆرۈلگەن باغ، قۇلۇپسىز ھويلا، ئىشىكلىرى ئوچۇق ئۆيلەر... قوشنا ئەسكى تاملىقتا ئاپتاپ يەۋاتقان كىلەدەك يالىڭاچ ئويناۋاتقان ئىككى بالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپتا ھېچكىم يوق... باغنىڭ چېكىسىگە بېرىپ چەكسىز جەزىرىگە كۆزۈم تالغۇچە قارىدىم. يەر بىلەن ئاسمان خۇددى دۇم كۆمتۈرۈلگەندەك ئېنىقسىزلىقتا، تەبىئەتتە جىمجىتلىقنىڭ سىمفونىيەسى ياڭرىماقتا. بەزىدە خۇددى يېرىم يالىڭاچ چۆل ئادىمى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ كېتىدىغاندەكدەك قورقۇنچ باساتتى. ئۆزۈمنى باغدىكى ئۈجمە ۋە ئۆرۈككە زورلاپ دېگەندەك ۋاقتىنى ئۆتكۈزدۈم. كۈن چاشكا بولغاندا ياقۇپ ئاكا ئايالى بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار دالاغا كەتكەنىكەن، كۆرۈشتۇق، بوۋاي ئىسسىقتا چاڭقاپ، قورۇلۇپ كېتىپتۇ. بىز كۆڭلىمىزدىكى ئادەملەرگە ھامان بەختىنى تەخت تىلەيمىز، ئەمما ھالاۋەت ۋە ئارام جاپانى شەرت قىلغان بوۋاي ئازغىنە ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىر قاچا ئىسسىق ئاش كۆتۈرۈپ كىردى، ھور چىقىپ تۇرغان، ئاددىي ئۇگرە، غورا سالغان، شۇنداق تېتىدىكى، ئاپام رەھمەتلىكنىڭ كىچىكىمدە تۇگمەندە ئېتىپ تىلىمدا قالغان خۇلۇپ ئىشىدەك مېھرىلىك، لەززەتلىك ۋە تاتلىق! دامولللام پىشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا يەنە خاتىرىلەشكە باشلىدۇق. بۇگۈن ئۇ «سوھرابنىڭ رۇستەم قولىدا ھالەك بولۇشى» دېگەن بابنى سۆزلىدى:

رۇستەم تۇلپارىنى ئىزدەۋېرىپ تۇراننىڭ ئىران بىلەن چېگرالىنىدىغان ئورمانلىقىدا ئاپراسىياپنىڭ بەگلىرىدىن — تەھەتەنىڭ ئوۋغا چىققان گۈزەل مەلىكىسى تەھمىنە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قىز گەرچە دۈشمەن بولسىمۇ، رۇستەمنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن بېرى ئاشىق بولۇپ يۈرەرىدى. رۇستەمى داستاندىن رۇستەمدەك ئوغۇل تۇغۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. باتۇر گۈزەل مەھۋەش بىلەن قوۋۇشۇپ، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزدى. رۇستەم تەھمىنەگە «ئەگەر بالىمىز قىز بولسا چېچىغا، ئوغۇل بولسا بىلىكىگە» تاقاپ قوي، دەپ قۇت بەلگىسىنى بېرىپ سىيىستانغا كېتىپ قالدى... شۇ زامانلاردا ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك كۈچەيدى، قاپلاندەك ئۆسۈپ يېتىلگەن سوھراپ دىلاۋەر تۇلپار نەسلىدىن بولغان ئۇچار قۇلاننى تاللىدى، بەستى تاغدەك ئىدى. نەچچە-نەچچە نۇسرەتلىك جەڭلەردىن كېيىن رۇستەم بىلەن روبورو كەلدى. سوھراپ دەسلەپتە رۇستەمدىن قورققاندەك قىلسىمۇ، ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمايتتى. ئۇلار دەسلەپتە قىسقا نەيزە، ئاندىن قىلىچ چېپىشتى. ئارىدىن ئۇچقۇن چاچراپ تۇراتتى. كېيىن گۈرزىلەر ئېتىشتى، ساۋۇتلار يىرتىلىپ، قالقانلار تىتىلدى. كامان تارتىشتى، ئاتلار ھالسىزلاندى. قېرى جەڭچى بىلەن باتۇر نەۋقىران ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىك قاتتىق ئۇرۇش بولدىكى، زامان ئاخىرلىشىپ، مەشھۇر كۈنى كېلىدىغاندەك ئىدى. رۇستەم كۆڭلىدە «بۇنداق ياش لەھەڭنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنتىم» دەپ ئويلىدى. يىرتقۇچ شىرلار بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن سوھراپ بىر نەرە تارتىپ، رۇستەمنى شۇنداق ئېلىپ ئۇردىكى، قارا يەرگە دەز كەتكەندەك بولدى. بىراق رۇستەم «مەردلەر تۇنجى قېتىمدا ئۆلتۈرمەس» دېگەن ھىيلە بىلەن قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇستىخىنى قاتمىغان ياش باتۇر ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، قەستەن يېڭىلىپ بەرگەنىدى. ئىككىنچى كۈنلۈك ئېلىشىشقا، ئىككى تەرەپتىن لەكمىڭ قوشۇن قاتناشتى، گويا ئىككى ئۇلۇغ دەريا سۈيى قوشۇلغاندەك بولدى. رۇستەم يەنىلا شەۋكەتلىك، سۈلەتلىك، قامەتلىك كۆرۈنەتتى. سوھراپ بولسا «شىر ئالىقىنىمدىن ئەمدى قانداق قۇتۇلارسەنكىن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىككى تاغ يۈرەك دىلاۋەر ئارىسىدا شۇنچىلىك قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئەتراپتىن قىيقاس-چۇقان كۆتۈرۈلدىكى، بۇ ئەھۋالدىن دۈشمەنىنىڭمۇ كۆزى ياشلانماقتا ئىدى. نەزمە:

قېنىدىن تېز چىقىرىپ مىسلى ئەجدىھا،
ئاتا ئۇردى ئوغۇل كۆكسىگە خەنجەر.

كىمكى تىغ كۆتۈرسە خەقنىڭ جېنىغا،
زامان تەشنا بولۇر ئۇنىڭ قېنىغا...

① لوپنۇر شىۋىسىدە پىكىر - ئىنكاس دېگەن مەنىدە.

ئاتام بىلسە تۇپراق مېنىڭ ياستۇقۇم،
خۇنۇم ئىزدەپ كېلەر، كۆتۈرۈپ تۇغۇم...

ئېچىپ ساۋۇت كۆردى رۇستەم بىچارە،
ئۆز كىيىملىرىن ھەم ئەيلىدى پارە.
داد سالدى: «ئاھ ئوغلۇم، جانۇ جاھانىم،
دەستىمدىن ئۆلدۇڭمۇ، باتۇر پالۋانىم !»...

تۇران گۈزىلى تەھمىنە ئېرى رۇستەمنىڭ نەسىھتى بويىچە سوھراپنىڭ بىلىكىگە قۇت بەلگىسى سىلىپ قويغانىدى. ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان رۇستەم يۈزلىرىنى تىلىپ، تۇپراق چېچىپ يىغلىدى. «ئەمدى تۇران بىلەن جەڭ قىلمايمەن» دەپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى...

بۇلارنى سۆزلىگەندە دامولىنىڭ يىغىق كۆزلىرى پارقىراپ، نەپەسلىرى سەل تېزلەشتى، بىر تۇتام ساقىلى يەڭگىل يەلپۈندى. ئۇ ھاياجانلانغانىدى، ئۇ شاغات شۇمنىڭ ئاتلىق رۇستەمنى نەيزە، خەنجەر قادالغان چاھقا ھىيلە بىلەن چۈشۈرۈپ، ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئاخىرقى بابىنمۇ يېقىن ئادىمى بىلەن خوشلاشقاندىكىدەك پەردىشان بىر كەيپىياتتا سۆزلەپ تۈگىتىپ، نامازغا تۇرغاندەك جىمىپ قالدى...

مەن ئارىلىقتىكى بوش ۋاقىتلاردا داستاننىڭ ئۈنئالغۇ ۋە خاتىرەمدىكى نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ تۇردۇم. كېينكى جۈمە كۈنى قاسىم ھەيدەر ئاكىنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىپ، ئەمدى ياتىقىمغا چىقىپ ئولتۇرسام، بىرسى بازاردا ياقۇپ دامولىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، بوۋاي ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن، ياتىقىمىزغا يېقىن يېزا بازىرىغا چىقسام، موللام بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارنى دۆڭقوتاننىڭ ئەرزان، سوغۇق، قايماقلىق قېتىقى بىلەن مېھمان قىلدىم. دۇئادىن كېيىن ياقۇپ ئاكا ماڭا:

— بۇ قوشاقچى ۋە قىزىقچى ھۆۋۈل، — دەپ تونۇشتۇردى مېھماننى. بۇ كىشى بىز ناماز كۈنى ئاڭلىغان مۇرات يالغان، ئابلەت فىرات ۋە ئابدۇرېھىم كۆگزى قاتارلىق دۆڭقوتان ئەل ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۈستىبېشى خاراب، ئالدى ئىككى چىشى قوزۇقتەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ھازىرلا كۆمۈر قۇدۇقىدىن چىققاندەك يۈزلىرى قورۇلۇپ، قارىداپ كەتكەن دەرۋىش سىياق بۇ ئادەم ماڭا ھېسسىياتسىز قاراپ تۇراتتى. موللام ئېشەكلىك، ئىككىمىز پىيادە پاراڭلاشقاچ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنى سەزمەپتۇق. يولغا يېقىن، ئەتراپىغا كۆرۈك، قومۇش ۋە يۇلغۇن ئۆسۈپ، تاشلاندۇق ئۆيدەكلا ئىسلىشىپ كەتكەن، بۇ بىر ئېغىزلىق غورىبەتخانا ئۇنىڭ ئۆيى ئىكەن. ھۆۋۈل ئاكىنىڭ تۇرالغۇسىدىن «چېنقىش»تىكى مەتنىيازنىڭ ئۆيى كۆپ ياخشى.

— ئۆيلەنمىدىڭىزمۇ، يالغۇز تۇرامسىز ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— خوتۇن ئالغان، پۇلۇم يوق قېچىپ كەتتى. ئاچچىقىمدا چېچىنى كېسىۋالغان، شۇنى ساقلاۋاتىمەن...

— يەنە ئۆيلەنسىڭىز بولمامدۇ ؟

— ساياق بېشىم، خان بېشىم دەپتىكەن. ئۆيلەنمىدىم، ئەمما ماڭا كۆڭلىدە ئوت ساقلاپ يۈرگەنلەر ھازىرمۇ بار، — دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى ھۆۋۈل ئاكا. ئۆزى گەپ قىلىپ ئۆزى كۈلۈش، كۈلگەندە گاللىرى غىژىلداپ كېتىش ئۇنىڭدىكى خاسلىق ئىدى. كېيىن مېنىڭ تەلىپىمگە ئاساسەن قوشۇق ① ئېيتتى. نېمە ئۈچۈنكىن دۆڭقوتاندا مۇھەببەت قوشاقلىرى كۆپ تارقالغان. ئېھتىمال، دالا ھاياتىدىكى ئىنسان تەبىئىتى تېخىمۇ جەلپكار، ئاشكارا ۋە ياۋايى بولسا كېرەك. بۇ بىر ھايات، قوشاقلار ئاڭلىماققا قوپالدەك تۇيۇلغىنى بىلەن مەنتىقىسى كۈچلۈك، قىزىق، سېنى راسا كۈلدۈرۈپ ھاردۇقۇڭنى چىقىرىدۇ. شۇ يىللاردا ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ قوشاق خاتىرىلىگەن بولساممۇ، بۇ يەرگە يارىغۇدەكلىرى ئاز:

تام ئۈستىگە تام سالدىم،
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يېڭى مەلىدىن يار تۇتتۇم،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ.

قېرى نەيزە ئاتالماس،
ئاتسىمۇ دەل قادالماس.
گۈزەل جانان ياتسا قېشىدا،
تاڭغىچە ئىش قاتالماس.

كېيىن مەن بۇلارنىڭمۇ ئۇنىڭ ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. ئۇ بىر سەۋدا ئاشىق، ھەممىدىن ئايرىلغان دەرۋىش ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەڭرى ئادەم ئاتىغا كۈي

①«قوشاق» لوپنۇر شېۋىسىدە شۇنداق دېيىلگەن...

ئارقىلىق جان ئاتا قىلغانىكەن. ئەگەر كېسىۋېلىنغان چاچنى دېمىسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ۋاي دېگۈچىلىك يېرى قالمىغانىدى!

6-ئاينىڭ 20-كۈنلىرى، پىراكتىكىمىزغا يەنە بىر ھەپتە قالغان چاغ.

نەچچە كۈن ئاۋۋال قارچۇغىغا كەتكەن ساۋاقداشلارنىڭ دېرىكى بولمىغاچقا، سىنىپ مەسئۇلىمىز، مېھرىبان ئۇستاز خەمت مۇئەللىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپ تاپالماي، ئەتىسى يەنە دۆڭقوتانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ھازىر بۇ ئىككى يېزا ئارىسىدىكى جاڭگاللىق كەلكۈن پەسلىنىڭ باشلىنىش پەللىسىدە تۇرماقتا. تارىم دەرياسى دۆڭقوتان چېگراسى ئىچىدە نەچچە تارام ئېقىنغا ئايرىلىپ، چەكسىز ئورمانلىق ۋە سازلىق يايلاققا يېيىلغان. يەر ۋە ئاسمان قوچىل ① ۋە ئۇقار ② قۇشلىرىنىڭ جەننىتىگە ئايلانغان. قارچۇغا تارىختا قارا قوشۇنلۇقلار بۈركۈت بىلەن ئوۋ ئوۋلىغان جاي بولغىيتتىمىكىن ياكى قارچۇغىلار ئۇۋا سالغان ماكانمۇ ئۇنى تەكلىماكاندىكى «يېگانە ئارال» دەپ تەرىپلەش مۇمكىن.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە قارچۇغىدىن كەلگەنلەر بىلەن 2-چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئۇچراشتۇق. تاماق يەۋېتىپ، نەچچە كۈن ئاۋۋال قوشاقچى بۇۋىخان ئانا بىلەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكىنىمىز ئېسىمگە كەلدى. ئۇ بىزگە «قارا قوشۇنلۇق قوشۇقى»نى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان. ئۆيىگە نەچچە بېرىپ تاپالمىغانتۇق، باشقا پۇرسەت يوق. شۇڭا دوستۇم قاسىم (ياسىن ئاسىمنىڭ ئوغلى)نىڭ ياردىمىدە ئاتلىق يولغا چىقتۇق. بارساق ياتاقنىڭ ئالدىدا بۇۋىخان ئانا ساقلاپ تۇرۇپتۇ، سالامدىن كېيىن گەپنى تېزلا ئەسلى تېمىگە يۆتكىدۇق.

«قارا قوشۇن» ئىسلامدىن سەل بۇرۇن قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تىبەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن جەنۇبتا مىرەن، شىمالدا لوپنۇر كۆلى ۋە شەرقتە ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي بەلبېغىغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى. لوپنۇردا بۇ ئادەملەرنىڭ خوتەندىن كەلگەنلىكى ھەققىدىمۇ قوشاقلار ساقلانغان. قوشاقتىكى سۆزلەردە «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بۇ قاراشنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ. بۇ قوشۇن تەركىبىدە يەنە موڭغۇللارنىڭ ئىسلامنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلغان يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىمۇ بولغان. قارا قوشۇننىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئادەملىرى يوغان ۋە قىرچىن تاللىرىدەك ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش. قەدىمدە مەزكۇر ئاتالغۇ ئەسكەرنى كۆرسەتسە، كېيىن شۇلار ياشىغان زېمىننى بىلدۈرگەن. بۇ يەكۈنى تەتقىقات ئەمەس، ئەلۋەتتە!

— سىز ئېيتماقچى بولغان «قارا قوشۇنلۇق قوشۇقى»نىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى بارمۇ؟ — سورىدىم ئانىدىن چۈشىنىشلىك قىلىپ.

— بولمامدىغان بالام، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى بۇۋىخان — بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بىر باينىڭ قىزى بىلەن نامرات يىگىت ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپتۇ. بىراق باي قىزنى پۇلدار بىرسىگە پۈتۈشۈپ قويغاچقا، قىز-يىگىت مەقسەت-مۇرادىغا يېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇرتىدىن قېچىپ، قاشلىرى ئوتلۇق بىر دەريانىڭ بويىغا ماكانلىشىپ، ئۆز نىكاھلىرىنى ئۆزى ئوقۇش ئارقىلىق يەتتە پەرزەنتلىك بولۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاپارمەنلىرى بىلەن ئوۋغا چىققان بىر باي ئادەمزاتسىز چۆلدە بۇ گۈزەل چوكاننى ئۇچرىتىپ، ئۇنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئىلاجسىزلىقتىن ئېرى ۋە باللار زار-زار قاقشاپ قېلىپتۇ. نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەر يەتتە كېيىك ئوۋلاپ، ئۇنىڭ تېرىسىگە شۇ قوشۇقنى پۈتۈپ، يۇقىرىغا ئەرز قىلغانىكەن، قازىلار خوتۇننى ئېرىگە بۇيرۇپ بېرىپتۇ...

بۇۋىخان قوشاقنىڭ نەسرىي ئىزاھاتىدىن كېيىنلا داستانچىلاردەك يېگانە دۆڭقوتان ئاھاڭى بىلەن كۈيلەشكە باشلىدى:

لاچىن بالاسى سايرايدۇ تاغدا،
سەمەي ③ كەلگىلا ئۈينايلى باغدا.
سەمەينىڭ بىلەن باغقا كىرەسەن،
ئوتتۇم ئىچىمدە كۆيۈپ بىلەسەن.

---

① «ئاق قۇ» لوپنۇر شېۋىسىدە شۇنداق دېيىلگەن.
② لوپنۇر يايلاقلىرىدا توپ-توپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان قۇش.
③ سەمەي — بىر قىزنىڭ ئىسمى

www.uyghurkitap.com



قاراسام كۆدەي ① ئۈنۈمايسەن،
خىيالىمدا يارنى تاپىپ كۈلەسەن.
تاپسام كۆدەي ئۈنمايسەن قىياق،
يېتالمايدىمىز ئارامىز يىراق.

ئاي يۈزۈڭگە قاشقىنالڭ سىياق ②،
قاياپ باقمىلا تۈن كېچىدە يايۇيدا چىياق.
تۈن كېچىدە يايۇيدۇ ئەينەكتەك كۆزۈڭ،
ئالتە ئالەمگە ③ تارايدۇ- نۇرانە يۈزۈڭ.

ئايدەك يۈزۈڭ تارىلىپ ئالتە ئالەمگە،
سودايى بولدۇم ئۇتۇڭدا ئۇينا مالەمدە.
سەنما مەنى ئۈنمايسەن،
دۈشمەنلەرنىڭ گەپلەيىنى ساختا كۆڭۈلدە.

بوز يىگىتنى يەزىت دارغا ئاسقان،
قانلىرى ئۈيۈپ دەرياغا ئاققان.
ئىلگەرىكى تاھىر- زۆھرەخانلارمۇ،
ئۆز دەردلەرىنى نەزمىگە قاتقان.

مالەمدە سىنىڭ كۆزۈڭ شەيتانغا تويماي،
كىچىكىمدە ئىنىڭنى ئىمىپما قويماي.
خام سۈت ئەمگەن مەيدەڭمۇ ئاغرىپ ياتقان،
تاغقا چىقىپ تاغدا كىيىك ئاتقان.

ئاستا ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنى خىيال قىلسام،
بولمايدىكەن سەندىن كۆڭۈل بۆلگەلى.
قىزىلگۈلۈم ئۈنۈمايسەن سۆيگەلى،
ھېساب قىلسام ئالتە ئاي بوپتۇ كۆيگەلى.

بۇۋىخان ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، تېمەن، ئارتىسلاردەك ھېسسىياتچان ئايال ئىدى. ئۇ بۇ «قوشۇقنى مەن بەش يېشىمدا ئاتام رەھمەتلىكتىن ئۆگىنىۋالغان» دېگەن گەپنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتقان بولسا، قوشاقنى دۆڭقوتان شىۋىسى ۋە ئاھاڭدا غەمكىن كەيپىياتنى ئىپادىلەپ ناخشا قىلىپ كۈيلىگەندە بولسا، يۈزلىرىدىكى يىپتەك ئىرىقچىلەردىن ئاققان ياش لەۋلىرىدە قېتىپ قالغاندى. بۇ چاغدا خېلىلا كەچ كىرگەن بولغاچقا، مەن بۇۋىخان ئانىنى قائىدىمىز بويىچە چاي، قەنت ۋە ئازراق پۇل بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇم...

ئارىدىن 20 نەچچە يىللار ئۆتتى. ئىنسان ھامان قولدىن بېرىپ قويغان قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇناپ ④ ياشايدۇ. دۆڭقوتان بىزنىڭ ياشلىقىمىزنىڭ پارچىسى! ھەيرانمەنكى، كەچتە ساۋاقداشلار يېزىغا خۇددى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە سىڭگە سىڭىپ كېتىپ، يەنە قاچاندۇر قايتىپ كېلەتتى، ئەتىگەندە تارىلىپ كەچتە يىغىلغاندا ھارغىنلىق - ئاچلىق ھەققىدە ئەمەس، ئۇچراتقان قىزىق ئىشلىرى، خاتىرىلىگەن ئەسەرلىرى ھەققىدە پەخىرلىنىپ سۆزلىشەتتى، تېخى قىزلىرىمىزغا خۇشامەت قىلىدىغانلارنىڭ داستىخانلىرىدا مېھمان بولاتتۇق، ئاي دالادا بەزمە قۇراتتۇق...

ئەمدى ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، بىز زىيارەت قىلغان ئاشۇ بوۋاي - مومايلارنىڭ بەزىلىرى دۆڭقوتاندىن ئىبارەت بۇ كونا ئۆتەڭدىن كارۋان بولۇپ، بەكمۇ يىراق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەندۇ... ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلمپەرۋەر ئۇستاز خەمت مۇئەللىمنىڭ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېتىشى، لوپنۇردا ئۇزاق تۇرۇپ خەلق ئاغزاكى مىراسلىرىنى توپلىغاچ «نەيچى بالا» شېئىرىي چۆچىكىنى يازغان مەرھۇم ئەدەبىياتشۇناس نۇرمۇھەممەد زامان ۋە قىزىقارلىق ئىشلىرى بىلەن ھازىرمۇ قىزغىن سۆھبىتىمىزنىڭ سۆيۈملۈك سۆز تېمىسى سۈپىتىدە ئەسلىنىدىغان پىراكتىكا يېتەكچىمىز، رەھمەتلىك مۇھەممەد ئەيسا مۇئەللىملەر بىزنىڭ جۇشقۇن دەۋرىمىزنىڭ شاھىتلىرى سۈپىتىدە مەڭگۈلۈك ئەسلىمىمىزگە ئايلاندى، 1994 - يىلى لوپنۇر ۋە دۆڭقوتانغا قايتا بېرىپ، بازاردا بېشىغا قالپاق كىيىپ، ئىشىكتە موگۈدەك ئولتۇرغان ياقۇپ داموللىنى يىراقتىن كۆردۈم. ئەمما يېنىغا بېرىپ قېرىنداشلارچە ئەھۋال سورىغىنىمدىن ئۆزۈمدە بۇگۈنگىچە بىئاراملىق ھېس قىلىمەن، كۆز ئالدىمدىكى ۋە ئالقىنىمدىكى پۇرسەتنىڭ خاسىيتىنى چۈشەنمەسلىك ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ چەكلىمىلىكى. تاغنى ھەقىقىي بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش كېرەك!

لوپنۇر ئۆزلۈكنىڭ ھىدى، جۇلاسى،
پەرلىرىم قاتۇرغان قارچۇغا ئۇۋاسى.
ئىستەرەم نە مۇرات قەقنۇس ياراتسا ـــ
قارا قوشۇنلۇقنىڭ ئۇيغۇرچە دۇئاسى!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى)

① كۆدەي ـــ بىر خىل ئوت- چۆپ ② سىياق ـــ چىراي ③ ئالتە ئالەم ـــ جاھان ④ ئەسلەش، سېغىنىش.



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلار

تۈركىزات ئابدۇبەسىر

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا تۇنجى بولۇپ شەھەر ھاياتىنى بەرپا قىلغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت شەكلىدە بۇرۇلۇش ياسىغانلىقى بىلەن تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن بۇ تۈركىي قوۋمنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى ئېچىلغان. ئەلۋەتتە بۇ ئۆزگىرىش ۋە گۈللىنىش، ئەڭ ئاۋۋال مەدەنىيەتنىڭ توشۇغۇچى ئاملى بولغان تىلدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى»دە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر پەقەت دىنىي ئەسەرلەر بولۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، قانۇن، دۆلەت ئىدارە قىلىش، تىجارەت ۋە نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە تۇتۇشىدۇ. ئۆرنەك ئۇچۇن شۇ دەۋرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنلەر ۋە «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشاش يىرىك دىداكتىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تارىخىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە ئالىي ئاكار① ئەپەندى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا توختىلىدۇ:

1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى چۇۋاشچە ۋە ياقۇتچىدىن

① ئالىي ئاكار: مۇغلا ستىقى كۆچمەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى پىروفېسسورى.

www.uyghurkitap.com



باشقا بارلىق تۈركىي تىللارنىڭ ئانا مەنبەسىدۇر.

2. قەدىمكى ئۇيغۇرچە دىنىي مەتىنلەردىن باشقا مەزمۇندىكى مەتىنلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

3. ئۇيغۇرلار تەرجىمىگە تايانغان بىر دىنىي ئەدەبىيات شەكىللەندۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى باشقا تۈرگۈن تىللارنىڭ لېكسىكىلىق خەزىنىسى بىلەن ئۇچراشقان. بەزى يېڭى قوشۇمچىلار ۋە يېڭى سۆز ياساش ۋە تۈرلەش ئۇسۇللىرىمۇ قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىللە، بۇ تىل ئۆز نۆۋىتىدە تېخىمۇ باي، پىشقان، باشقا تىللار بىلەن بەسلىشەلىگۈدەك ھالەتكە يەتكەن.

4. تۈركىي تىللارنىڭ تۇنجى قېتىم ھىندى ياۋروپا تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كۆرەلەيمىز. ئۇ دەۋردە تۈرك تىلىغا ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىن بەزى سۆزلۈك ۋە ئاتالغۇلار، شۇنداقلا بەزى ئاددىي سىنتاكسىسلىق بىرىكمە ۋە قۇرۇلمىلارمۇ كىرگەن. بۇ ئارقىلىق تۈرك تىلى مەدەنىيەت تىلى ھالىتىگە كۆتۈرۈلگەن.

5. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قانۇنچىلىق، ھوقۇق ۋە سودا - تىجارەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. شۇ دەۋردە مەزكۇر ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئاتالغۇلار قوللىنىلغان.

6. 10 - ئەسىردە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تۈركلەر، ئىسلام دىنىغا ئۆزلىرى بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان باشقا بىر دىنىنىڭ، يەنى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بۇددىزم ۋە مانىزىم بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىنىي ئاتالغۇلىرىنى چەكسىز بېيىتتى. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا بىر مەدەنىيەت تىلى بولۇشىغا سەۋەب بولغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەسەرلەرگىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنىڭ تىل، ئاتالغۇچىلىق، ئۇقۇم ئېلېمېنتلىرى ئۆز تامغىسىنى ئۇرغان.

7. ئۇيغۇرلار ياغاچ ئويما نابۇر مەتبەئەچىلىكى بىلەن كىتابچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

8. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۆزلىرىدىن بۇرۇنلا شەھەرلىشىپ بولغان قوشنا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچراشقان ئۇيغۇرچە، ئەڭ ئاۋۋال دىنىي ئاتالغۇلار، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ساھەدىكى ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان ۋە بېيىتقان②.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى ئورنىغا قارىماي، بۇ قەبىلە «ئۇيغۇرلار تارىختا تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى»③ ئىكەنلىكى ھەققىدە بىزنىڭ تۇنجى لۇغىتىمىز ۋە ئېنسىكلوپېدىك قامۇسىمىز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تولىمۇ ئاز بايانلار بېرىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلاردىن باشقا يەرلەردە تەپسىلىي توختالمايدۇ:

«ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن. ماگا مۇھەممەد چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ ‹بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ›، دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ»④.

«بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ

ali akbar, türk dili tarihi, 2006 ötüken basimi, 112 – 113 sayfa ②

③ مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل 1 - نەشرى، ئىندېكىس قىسمى، 434 - بەت.

④ مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل 1 - نەشرى، تېكىست قىسمى، 1 - باب، 94 -، 95 - بەت.



شەھەرلەر سۈلمى، بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان. قۇچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭىبالىق».

بۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر كىتابنىڭ «تۈركىي تىللار توغرىسىدا» ماۋزۇسى ئاستىدىكى مەزمۇنلاردا: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر شىۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت-چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت-چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»① دېگەن مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ تولىمۇ چەكلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كىتابتا ئېيتىلغان ۋە ئېيتىلمىغان نەرسىلەر» ماۋزۇسى ئاستىدا توختالغان تۆۋەندىكى بايانلىرىغا قاراڭ:

«مەن كىتابتا مۇسۇلمان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم. چۈنكى بۇلار تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم. ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم، مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق»②.

دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپ توختالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇنىڭ كىتابى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا قاراخانىيلار خانلىقى مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇشى ناتايىن. ئەنە شۇ مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدىكى چوڭ قەبىلىلەردىن ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىمۇ، دەسلەپتە بەرگەن مىساللىرىدا كۆرۈنگىنىدەك مۇئەللىپنىڭ نەزەرىدە دىنىي نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ يەكلەش خاھىشى مەۋجۇت. شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىغا قايتىپ تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بۇنى قوبۇل قىلىشىمىز تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى نۇقتىلاردىن چىقىپ، بىر قانچە مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 840-848-يىللار ئارىلىقىدا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەتلەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە سىرتقى جەھەتتىن قىرغىز قەبىلىلەرنىڭ باستۇرۇشى بىلەن پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىلىرىغا كۆچكەنلىكى مەلۇم (يەنى بۈگۈنكى جۇڭگو تېررىتورىيەسىدىكى گەنسۇ، تۇرپان، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلار). ماھىيەتتە، 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىن كۆچۈشى بىلەن تەڭ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كەڭ تېررىتورىيەلىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردە بىر-بىرىدىن مۇستەقىل بىر قانچە فېئوداللىق دۆلەتلەرنى قۇردى. ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

قاراخانىيلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ياغما قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى③. بۇلاردىن سىرت قاراخانىيلار

---

① مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 1-نەشرى، تېكىست قىسمى، 1-باب، 28-بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 1-نەشرى، تېكىست قىسمى، 1-باب، 26-بەت.

③ ب. ئا. لېتۋىنسكىي، س. گ. كىلياشتورنىي، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 3-ئاي نەشرى، 294-بەت. (تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇر سايرانى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



هۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا كۆپ مىللەت ياشايتتى. بۇ خانلىقنىڭ هۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، چومۇل، ئوغراق، چارۇق، ئوغۇز ۋە تۈركلەشكەن بەزى سوغدىلاردىن تەركىب تاپقان①. دېمەك، قاراخانىيلار سۇلالىسى نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر خانلىقتۇر. بۇلاردىن سىرت ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان هىندى - ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن هەم كېيىن تۈركلىشىپ كەتكەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا②. قاراخانىيلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ياغما قەبىلىسىگە تەۋە بولغان. ياغمىلار ھەققىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ «قارا ياغما» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىغا ئائىت③ ئاددىي بىر ئۇچۇر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئەمما تارىختىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنماقتا. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ياغمىلار. ياغمىلار بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە، يەنى توققۇز غۇزلارنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر④.

دەسلەپكى قەدەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ياغلىمىلاردىن دەپ جەزملەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ هۆكۈمرانلىق تەبىقىسىدىكى ئاساسىي گەۋدىسىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەشكىل قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر نۇرغۇن قەبىلە ۋە قەبىلىلەر بىرلىكى ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇشتىن سىرت، بەزى چوڭ قەبىلىلەر (ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش) ئايرىم مىللەت بولۇپ ئايرىلىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاراپ ماڭغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. قەبىلىلەرنىڭ چوڭىيىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى، كېڭىيىشى ماھىيەتتە، تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا ئۇنى بىر مىللەت ھالىتىگە كۆتۈرۈپ چىقىشى تەبىئىي. گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر قەبىلىسى تۈركىي قوۋملارنىڭ توپىدىن ئايرىلىپ چىققان مۇستەقىل بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ (چۈنكى ئەينى دەۋردە مىللەت ئۇقۇمى ئاساسەن شەكىللەنمىگەن، تۈركىي قوۋملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەتلا قەبىلە بىلەن قەبىلىلەر ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يىغىنچاقلانغان)، ئەمما ئۇيغۇرلارغا



① ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2008 - يىل 3 - ئاي 2 - بېسىلىشى، 130 - بەت.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 705 -، 706 - بەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قارالسۇن.

③ مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل 1 - نەشرى، تېكىست قىسمى، 716 - بەت.

④ ۋ. ۋ. بارتولد، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە 12 لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 112 -، 113 - بەتلەر.

ئوخشاش بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىرىي كۈچكە ئىگە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىنمۇ ئۇششاق قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈشى مەۋجۇت، شۇڭا ياغمىلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ياكى تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بۆگۈتتىكىن تەرىپىدىن 860- يىللار ئەتراپىدا قۇرۇلدى. بۇ خانلىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئاساسلىقى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان، ئۇلار ئارىسدا ئوخشاشلا ھىنايانا مەزھىپىمۇ مەۋجۇت بولغان. مانى دىنى ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىلگىرىلا بۇ يەرلەردە تارقالغانلىقى مەلۇم. دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇ رايونلاردا خانلىق قۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بۇددا دىنىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئالغان. بۇ خانلىقنى ئۆز نۆۋىتىدە، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى شەھەرلەرشكەن مەدەنىي ھاياتىنىڭ باشلىنىشىنىڭ سىمۋولى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئوخشىمىغان دىنلارنىڭ تەسىرلىشىشى، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش، ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش، ئاساسلىقى دىن تەسىرلىشىشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇيغۇرلاردا كۈچلۈك مەدەنىيەت ئالاقە ئېھتىياجى تۇغدۇرغان. نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بىز بۇ ھەقتە ماقالىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىلا، ئالىي ئاكار ئەپەندىنىڭ بايانلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، بۇ خانلىققا ئائىت بايقالغان مەتىنلەر بىزنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دەسلەپكى تەرجىمىچىلىكىگە، پۈتۈكچىلىكىگە، قانۇنچىلىقىغا، سودىسىغا ۋە ھەر قايسى ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى كالېندارچىلىق، مەتبەئەچىلىك، تېبابەتچىلىك، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان.

ئەينى دەۋردە مۇئەييەن تەسىرىي كۈچكە ئىگە ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى چېگراداش بولۇپ خېلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بېرىش- كېلىش ھەققىدە قولىمىزدا بىر پۈتۈن جەرياننى يورۇتۇپ بېرەلىگۇدەك ماتېرىيال مەنبەسى كەمچىل. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلارنى «چۇماقلار» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم. قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى «تات» دەپ ئاتىغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، قاراخانىيلارنىڭ «تات» ① ئاتالغۇسى بىلەن ئولتۇراق مەدەنىيەتتىكى ئاھالىلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. بۇ ئاتالغۇ ھەم ئىرانلىقلارنى، ھەم مەدەنىي تۈركىي تىللىق خەلق بولغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن» ②.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يازغان بايانلىرىدا قانداشلىق مۇناسىۋەتتىن بەكرەك دىنىي مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك بىر تۈركىي تىللىق خەلق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. دىنىي نۇقتىدىن چىقىش قىلغاندا، مۇئەللىپ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا «مۇسۇلمان» ۋە «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار» ئۇقۇمى چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىغان ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئەللەرنىڭ نەزەرى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى لايىق تاپىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە قاراخانىيلار بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە مەزمۇنلار ئىنتايىن ئاز. پەقەت قاراخانىيلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە ئالتە قوشاق كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. قوشاقلار تۆۋەندىكىچە:

Kimi čirä öldürüp
ila suvin käčitmiz
uygur topa bašlanıp
mi□laq ilin ačitmız

---

① مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008- يىل 1- نەشرى، ئىندېكس قىسمى، 368- بەت.

② ۋ. ۋ. بارتولد، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە 12 لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 138-، 139- بەتلەر.

دەيدۇكى، كېمىلەرگە مىندۇق ۋە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتتۇق، ئۇيغۇر دۆلىتىگە يول ئالدۇق ۋە مىڭلاق دېگەن يەرنى فەتھە قىلدۇق.

bäčkem urup atlaka
Uy□urdaki tatlaka
o□ri yavuz itlaqa
qušlar kibi učitmiz

دەيدۇكى، ئاتلارغا جەڭ بەلگىسى تاقاپ، ئۇيغۇر ئېتلىرىغا ھۇجۇم قىلدۇق، ئۇچار قۇشلاردەك ئېتىلدۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتۇق.

qurduq qati□tügdümiz
tä□ri□öküš ügdümiz
kämšip ati□tägdimiz
aldap yänä qačtimiz

دەيدۇكى، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىنى چىڭ تۈگدۇق، تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇدۇق، ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا تەكبىر ئېيتىپ ئاتلىرىمىزنى تۈرتتۇق، ئاندىن ئۇلاردىن قاچتۇق، بىزنى قوغلاپ كەلسۇن دەپ قايتا ھۇجۇم قىلدۇق ۋە ھالاك قىلدۇق.

adı qızıl bayraq
to□dı qara topraq
yätšu kelip□oraq
toqıšıp ani□kečtimiz

دەيدۇكى، مۇسۇلمان قوشۇنى قىزىل بايراق كۆتۈردى، ئاتلىرىمىزنىڭ تۇياقلىرىدىن قارا توپا كۆتۈرۈلدى، ئوغراق ئاتلىرى بىزگە قوشۇلدى، بىرلىكتە ئۇيۇشتۇق. شۇڭا كېچىكىپ قايتتۇق.

tünlä bilä bastımız
tägmä ja□aq bastimiz
käsmälärin kestimiz
mi□lap ärin bičtimiz

بۇ قوشاق ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر جەڭنى تەسۋىرلەيدۇ.

دەيدۇكى، ئۇلارغا كېچىدە تېگىش قىلدۇق، توزاقلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق، ئاتلىرىنىڭ كوكۇللىرىنى كەستۇق، مىڭلاق ئەرلىرىنى ئۆلتۈردۇق. «مىڭلاق بىر يەر ئىسمى».

käl□izläyü aqıtmız
kendler üzä čıqıtmız
furhan ävin yıqıtmız
burhan üzä sičtimiz

دەيدۇكى، ئۇلارغا سەلدەك ئاقتۇق. شەھەرلىرىگە كىردۇق. بۇتخانىلىرىنى ئۆرۈپ، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىشتۇق①.

مەلۇمكى، يۇقىرىقى قوشاقلار ئەڭ بولمىغاندا، قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ. قىياسىمىزچە، مۇسۇلمان قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەمكارلىق، تىنچلىق ۋە قويۇق باردى ـ كەلدى ئەمەس، بەلكى دۈشمەن ھالەتتە بولغان. ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىنىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن نىزا ۋە ئۇرۇشلار ئۈزۈلمىگەن. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن كەسكىن ئۆچمەنلىككە ئايلانغان دەۋرلەرمۇ بولغان بولسا كېرەك. بۇ بېيىتلاردىن خۇددى تامامەن باشقا ـ باشقا ئىككى قوۋم ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ھالىتىنى ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق قانلىق ئۇرۇش مەيدانىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىت» سۈپىتىدە تەمسىل قىلىنىشى بۇ خىل ئۆتكۈر زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۈلگۈرىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشنى ئاساسىي تۇتقا قىلغان ھالدا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قارىشىدىمۇ بىر خىل غەزەپلىنىش، يەكلەش تۇيغۇلىرىنىڭ سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز كېرەك. ماھىيەتتە، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئىسلاملاشقان ئەللەر مۇئەللىپلىرىنىڭ قەلىمىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللاردۇر. ماقالىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى قىسىملىرىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ «تۈركىي تىللارغا كىرىش» قىسمىدا يەر ئالغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەرگە بىر خىل چەتكە قېقىش ياكى بىر تەرەپلىمە ھالدا دىنىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالايمىز. گەرچە قاراخانىيلار ئۇيغۇرلارنى

Tahsin Banguoglu uygurlar ve uygurca üzerine p103–104 ①

ئىسلامنى كېيىنكى توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن قاتارىدا ساناپ، كەڭ ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، تىرەن مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرىدە ئىسلاملاشتۇرالمىغان.

مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام كۈچلىرى بۇددىزمنىڭ ئاخىرقى كۈچلىرىنى تاكى قۇمۇلغىچە تازىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى قاراخانىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن باشلاپ ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇددىزمنىڭ ئورنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلىنىدۇ.

شۇنداق بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقى ھەققىدە ھېچقانداق سۆز ئاچمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ياغما قەبىلىسىگە تۇتۇشىدىغانلىقى مەھمۇد كاشغەرىينىڭمۇ بىۋاستە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تۇتۇشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي پەقەت چوڭ جەھەتتىن ئىسلام دىنىدىكى «مىللەت» ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىما بېرىش نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ئاۋۋال «مۇسۇلمان» ۋە «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار»دىن ئىبارەت چوڭ قېلىپقا بويسۇنغان ھالدا، ئاندىن قوۋملار بويىچە تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە بۇ سەمەرىلىك تەتقىقاتقا ئىشتىراك قىلغان. شۇڭا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۇيغۇر دېمەي، «تۈرك» دەپ، تىلىنى «تۈركچە» دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگە تەۋە، يەنى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن بىر ئەسىر ئىلگىرى كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايتىرى سىمىت»نىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ 3 ـ بۆلۈمىدە مۇنداق بايان بار:

19. alqu sasatlarig ötkürmis tüpkarmis

20. vaybah sastr bosqunmis aryacintiri bodis(a)vat

21.ksi acari anatkak tilintin tohri tilinca

22. yaratmis prtaraksit krmavazik tohri

23. tilintin türk tilinca avirmis maytri si

24. mit nom bitigda aniruti arhantni

25. avdani atlig ücünc ülüs tükadi

19. بارلىق شاسترلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان

20. ۋايباش شاسترنى ئۆگەنگەن ئارياچىنترى بۇدساتۋا

21. ئۇستاز ئەنەتكەك (سانسكرىت تىلىدىن) توخرى تىلىچە

22. ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتاراكشىت كرماۋازىك توخرى

23. تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان مايترى سى

24. مىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتنىڭ

25. ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى①.

مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى»نى «تۈركچە» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە بىز مەھمۇد ئۆلمەز ② ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىغا قاراپ باقايلى: «ئىسلامىيەتكە ئائىت دەسلەپكى تۈركچە مەتىنلەرمۇ ماھىيەتتە ئۇيغۇرچە مەتىنلەردۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىسىغا بىر پاسىل قۇرۇۋالغان. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تونۇشتۇرمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلار ئەسلىي ئۇيغۇرچە بولسا كېرەك. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە يېقىن ياشىغان ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلارنىڭ بىرى مۇسۇلمان، بىرى بۇددىست. تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق. ئەمما ئۇيغۇر تىلى بىر كىلاسسىك تىل بولغانلىقتىن، ئالاقە (ئېغىز تىلى)دىن بەكرەك يازما تىلنى كۆرسىتىدۇ. ئېغىز تىلىدىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يېزىق تىلىدا ئەكس ئەتمىگەن (دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا، يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلىدا ئەكس ئەتمىگەن بولۇشى كېرەك). شۇ ۋەجىدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىكى سۆزلۈكلەر ئىملا نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى كەلىمىلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق»③. مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي

---

① «مايترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 3 ـ،4 ـ بەتلەر.

② تۈركىيە يىلدىز تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى پروفېسسورى.

ali akar, türk dili tarihi, 2006 ötüken basimi, p121 – 122 ③

ئۆزىنىڭ قوۋم تەۋەلىكىنى ئېنىق قىلىپ «ئۇيغۇر» دېمەسلىكىنى، ئەينى چاغدىكى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئىدىقۇتتىكى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقتىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. قانداقلا بولمىسۇن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىدىيەسىمۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىدىكى «مىللەت» ئۇقۇمىنىڭ تەسىرى بولىدۇ. تۈركىيە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئۆزكان ئىزگى ماقالىسىدە: «بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدە تىل ۋە ئېتىقاد نۇقتىسىدىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. شۇ سەۋەبتىن، قاراخانىيلار دۆلىتى ۋە موغۇل-چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىزىمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتىغا تايانغان ھالدا مەۋجۇتتۇر. 9-ئەسىردە تۇرپان بوستانلىقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تامامەن تۈركلەشتۈرۈلگەن. ئۇ دەۋردە يالغۇز ئالاقە ۋە يېزىق تىلىلا ئەمەس، بەلكى مانىھېزم، نېستورىئانىزم ۋە بۇددىزمغا ئوخشاش ھەر خىل دىنلاردا ئوقۇلىدىغان پۈتۈن دۇئا-تىلاۋەتلەر تۈركچە بولغان» دەيدۇ ① دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئەڭ ساپ تۈركچە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغانلىقىمۇ ئاساسسىز بولمىسا كېرەك، ھەتتا ئارىلىقنىڭ شۇ قەدەر يىراق بولۇشىغا قارىماي، ئوسمانلى ئوردا مەدرىسسەلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىمۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر نۇقتا ②.

قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن چەكلەنگەن جۇغراپىيەلىك كەڭلىكتە كۈچ كۆرسىتىپلا قالماي، تاكى بالقان، ئۇرال بويلىرىغا ۋە ھەتتاكى ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغىچە يېتىپ بارغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»③نىڭ نائىل بولۇشى بىلەن ئۆزگىچە ئۇل سالغان ئىسلام ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ھەر قانداق ئەسەردە ئۆزىنىڭ قويۇق دىنىي پۇرىقىنى پۇرىتىپ ئۈلگۈرىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى باياناتلاردىنمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ھېس قىلىش مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىدىقۇت ياكى قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئىككىلا خانلىق بىر پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئىككىلىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىقلار ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

بايانلىرىمىزدىن شۇ خۇلاسىگە كېلىشىمىز ئېنىق، يەنى ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا قاراخانىيلار ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاش مەدەنىي، شەھەرلەشكەن خانلىقلارنى قۇرغۇچى مىللەت بولۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە جىمى مەنىۋى ۋە ماددىي ئىختىرالىرى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا سەركە بولۇپ كېتىۋاتقان تۈركىي قوۋمدۇر. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي ئاسىيادا قۇرغان خانلىقلىرى ئاستا-ئاستا باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭمۇ ئىجتىمائىي ھايات شەكلىگە، شەھەرلىشىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. مەھمۇد كاشغەرىي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 1-نەشرى.
2. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 3-ئاي نەشرى.
3. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2008-يىل 3-ئاي 2-بېسىلىشى.
4. ۋ. ۋ. بارتولد، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە 12 لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ.
5. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
6. «مايىترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 3-4-بەتلەر.
元文琪,《伊斯兰文化丛书》, 中国社会科学出版社, 1995 年 8 月第一版 .7
ali akar, turk dili tarihi, 2006 otuken basimi .8
tahsin banguoglu, UYGURLAR VE UYGURCA ÜZERINE .9
özken izgi, TURFAN UYGURLARI ÜZERINE, tarih dergisi, 32 mart 1989, e. 3-6 .10

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتى 2009 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

---

① özkan izgi, TURFAN UYGURLARI ÜZERINE, tatih dergisi, 32 mart 1989, e. 3–6.
② ali akar, türk dili tarihi, 2006 ötüken basimi, p 144
③ 元文琪,《伊斯兰文化丛书》, 中国社会科学出版社, 1995 年 8 月第一版, 第 2 页



# ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدىكى ئەلچىلىك ئادىتى

دىلبەر تەلئەت

توي — ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. نىكاھ توي ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ ئاساسى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تەكشى بولمىغىنى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان توي ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرى ئىچىدە «ئەلچى ئەۋەتىش» ئادىتى بىر خىل مىللىيلىككە ئىگە ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەلچى — بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتىدىغان كىشى، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدا ئەلچىلەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئەلچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە قاتلاملىرىدىكى ۋاستىلىك رول ئويناش دائىرىسىگە قارايدىغان بولساق، ئومۇمەن ئەلچى ئادەتتە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، يارىتقۇچىنىڭ بەندىلەرنى ياخشىلىققا باشلاشقا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كالامىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن رەسۇل، پەيغەمبەر (نەبى)لەر. يەنە بىرى، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە ئۆز دۆلىتى نامىدىن ئەۋەتىدىغان كىشى. ئۈچىنچىسى، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە توي ئىشى توغرىسىدا ئارىغا قويغان ئادەم، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغۇچى. مەزكۇر ماقالىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ توي-تۆكۈن، نىكاھ ئىشلىرىدىكى ئەلچىلىك ئادەتلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدا قۇدا بولۇش ئالدىدىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەلچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىشقا ئادەتلەنگەن ھەمدە بۇ ئادەتنى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئادەتتە توي-نىكاھ ئىشلىرىدا «لايىق مۇقىملانغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى قويىدۇ. ئەلچى ئادەتتە ئىككى-ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. قىز تەرەپ بارغان ئەلچىلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، داستىخان سېلىپ چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ئەلچىلەر ‹ئەلچىگە ئۆلۈم يوق› دەپ سۆز باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگەن مۇددىئاسىنى ئىزھار

www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ مۇناسىپ كۆرسە «ھەرقايسىلىرى-
دىن قىزىمىزنى ئايىمايمىز»؛ مۇناسىپ كۆرمىسە «قىزىمىز
تېخى كىچىك» ياكى «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق» ياكى
«باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى ئېلىپ قويغان» دەپ جاۋاب بې-
رىدۇ» (ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە-
سى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-
نەشرى، 241-بەت) بۇ ئادەت ناھايىتى ئۇزاق زامانلار-
دىن بۇيان ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تويى-
نىكاھ ئىشلىرىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئەلچىلىك
پائالىيەتلىرىدە مۇئەييەن پەرقلەر ساقلانغان بولۇپ، بۇ
پەرقلەرنى ھەرقايسى يۇرتلاردىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت
قارىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتى، پائالىيەت
مۇھىتىدىكى ئوخشىماسلىقلار، ئۆزگىچىلىكلەر كەلتۈرۈپ
چىقارغان. شۇنداقتىمۇ بۇ ئورتاق بىر ماھىيەتتىكى
فولكلور ھادىسىسىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنى-
شى بولۇپ، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ رەڭدارلىقى،
كۆپ مەنبەلىكلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى. ئىسلامىيەتتىن
بۇرۇنقى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ ئەلچى ۋە ئەلچىلىك
ئادىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن، مىلادى 9-
ئەسىردە قوچۇ (تۇرپان)دا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك —
رۇنىك يېزىقىدىكى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى
بولغان «ئىرق بىتىك»تە (11) 16. سېرىق ئاتلىق
ساۋچى، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر) ئېلىپ
كېلىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ. (ئابدۇ-
بەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلىمنىياز: ««پالنامە» ۋە قە-
دىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 49-بەت)
«ئىرق بىتىك»تىكى بۇ بايان بىر چۈش تەبىرى بولۇپ،
ئالا، سېرىق ئاتلىق ئەلچىلەر كېلىپ چۈش كۆرسە بۇنى
«ياخشىلىق، ئېزگۈلۈككە» دەپ تەبىر بەرگىنىگە قارىغاندا،
ئەجدادلىرىمىزنىڭ 9-ئەسىرلەردىلا ئەلچى ۋە ئەلچىلىك-
نىڭ بىر خىل ياخشى ئىش ئەزگۈلۈك دەپ قارىغانلىقى
مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئەلچىلەر مىنگەن
ئاتنىڭ ئۇلارنىڭ ئېزگۈلۈك ياكى يامانلىق بىلەن مۇئەي-
يەن سىمۋولىستىك باغلىنىشى بارمۇ-قانداق؟ دېگەن
گۇماننى قوزغايدۇ. بۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆرۈش-
كە تېگىشلىك مەسىلە. قۇدىلىشىشنى ئەلچىنىڭ ۋاسىتىسى
ئارقىلىق بېجىرىش پەقەت ئاۋام خەلق ئارىسىدىلا بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى قەدىمكى بەزى قەبىلە-قەۋم، مىللەت-
لەردە يولغا قويۇلغان، قۇدىلىشىش سىياسىتى يولغا قويۇل-
غاندىمۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ئەلچى-
يالۋاچىلارنىڭ ۋاستىچىلىك قىلىشى بىلەن بولغان.

ئەلچى ۋە ئەلچىلىك ئادەتلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن-
مۇ سىجىل داۋاملاشتى. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي «دى-
ۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئارقۇچى — ۋاستىچى. تويدا
قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئارىسىدا يۈرىدىغان
ئەلچى.» (1-191)؛ «قۇدىلار (قېين-بويىانلار) ئوتتۇ-
رىسىدا بېرىپ-كېلىپ يۈرىدىغان ئادەمنى ئوغۇزلار ‹يو-
رىداچى› دېمەي، پۈتۈن تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش
‹يورىغچى› دەيدۇ.» (2-76)؛ «يازىغچى — يېزىقچى،
خەتچى. قۇدىلار ئارىسىدا خەت-خەۋەر يەتكۈزگۈچى
ئەلچى. ئوغۇزچە». (3-74)؛ «ساۋچى-ئەلچى.
قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ-كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان
كىشى. ساۋچى مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بۇنىڭ سۆزىنى
ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ.» (3-211)؛ «ساۋچى-ئەلچى.
قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا خەت-خەۋەر يەتكۈزىدىغان
ئەلچى. ئوغۇزچە». (3-599) دەپ خاتىرىلىگەن.
دېمەك، بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇن قىز ئۈچۈن ئەلچى
كىرگۈزۈش ئادىتىنىڭ قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىن بۇ-
رۇنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى، ئەلچىنىڭ «ئارقۇچى»، «ساۋچى»، «يو-
رىغچى»، «يۇمۇش» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.
بۇ يەردە بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ فولكلورىستىك ئادەتنىڭ
مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى داۋاملاشقان دەۋرىنىڭ قانچە
ئۇزاق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش بولغىنى ئۈچۈن، بۇ سۆزلەر-
نىڭ ئېتمولوگىيەسى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرماي-
مىز. «دىۋان»دا: ««‹ yalavaq> يالاۋاچ — ئەلچى، پەي-
غەمبەر. بۇ سۆزنىڭ ‹ yalavaq> شەكلىمۇ بار. يالافار
‹ yalafar> — خاقاننىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلىدىغان نام.
ئۇيغۇرچە ماقالىدە مۇنداق كەلگەن. ‹ياش ئوت كۆيمەس،
ئەلچى ئۆلمەس.› ياش (كۆك) ئوت كۆيمىگەندەك ھەرقان-
چە ئېغىر، دەھشەتلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىمۇ ئۆل-
تۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى بۇ خەۋەر ئەۋەتكۈچىدىن كېلىدۇ».
(3-63) دېيىلگەن. «دىۋان»دىكى «ياش ئوت كۆيمەس،
ئەلچى ئۆلمەس» دېگەن بۇ ماقال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلدا «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن شەكىلدە ساقلانغان ۋە شۇ ھالەتتە ئىشلىتىلمەكتە ھەمدە بۇ ماقال «بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە، كېلىشتۈرگۈچى بولغان كىشىدىن ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە» (ئابلىز ئەمەت تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 109-بەت) ئىستېمال قىلىنماقتا. ئەلچى قانداق جاۋاب ئېلىپ كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوغۇل ياكى قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەلچىلەردىن ئاغرىنماستىن، بەلكى ئۇلارغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىدۇ. بىراق ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇرلاردا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ ئەلچى كىرگۈزىدىغان ئىش يوق دېيەرلىك. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بەزى سىمۋول تۈسى قويۇق بولغان ئەسەرلەردە «سابا» ئەلچىگە سىمۋول قىلىنغان. سابا «تاڭ سەھەردىكى سالقىن شامال» دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا، سابا — قەلبى ۋىسال ئىشقىدا ئۆرتەنگەن ئاشىق-مەشۇقلارغا غەرەزسىز ياردەم قىلىدىغان، پاك، ساپ مۇھەببەتنىڭ ياردەملىرىچىگە، يەنى ئەلچىگە سىمۋول قىلىنىدۇ ۋە ئاشىق-مەشۇقلار سابانىڭ ۋاستىسى، ياردىمى بىلەن ۋىسال مەنزىلىگە يېتىدۇ. مەسىلەن، ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، سەلاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل»... قاتارلىق داستانلاردا سابا گۇل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى ساپ مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بەزى داستان، ئەپسانە، رىۋايەتلەردە بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى پادىشاھنىڭ ياكى باينىڭ قىزىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئىشق دەردىدە كۆپ ھەسرەت-نادامەتلەر چېكىدۇ ۋە ئانىسىنىڭ «بالام، بولدى قىل! ئۇلار بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس!» دەپ توسۇشلىرىغا ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ ئارزۇسىنى دەپ، ئۆزى يالغۇز پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ ئوردىغا كىرىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ئوردىدىن ھاقارەتلىنىپ قوغلىنىدۇ ياكى مەلىكىنىڭ ئېغىر شەرتىگە دۇچ كېلىدۇ، بىزنىڭچە ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى تۇل خوتۇننىڭ پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ بېرىشى بىر مۇتىق (ئانا تېما) دېيىشكە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ شۇنداق تىنق بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئەلچىنىڭ بېشارەت بەرگۈچى، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى، دېرەك (خەۋەر) بەرگۈچى نەرسە ۋە بەلگە دېگەندەك سىمۋوللۇق مەنىسى بار. مەسىلەن، «خوراز — تاڭ ئەلچىسى، قارلىغاچ — باھار ئەلچىسى. تۇرنا — باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىسى» دېگەندەك. ئەلچىلەرنىڭ بۇ خىل سىمۋوللۇق مەنىسى ئۇلارنىڭ ئەلچىلىك پائالىيەتلىرىدىكى رولىغا ئاساسەن قېلىپلاشقان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەر باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، قۇدىلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە خۇي-مىجەزىنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلالايدۇ دەپ قارىغاچقا، خەلق ئارىسىدا «ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر» دەيدىغان ماقال بار. ئۇيغۇرلاردا ئەلچى ۋە ئەلچىلىككە ئائىت «يېڭى كىيىم كىيىپ ياكى يېڭى ئاياغ كىيىپ چۈشىسە، ئەلچى كېلىدۇ؛... ئۆيگە ئوغرى كىرىپ چۈشىسە، ئۆيگە ئەلچى كېلىدۇ» (ئايشەم ئەخمەت يۇنۇس: «چۈش فىزولوگىيەسى ۋە ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم چۈش تەبىرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2005-يىللىق 2-سان، 84-بەت) دەيدىغان چۈش تەبىرلىرى بار بولۇپ، بۇ چۈشلەرگە شۇنداق تەبىر بېرىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە ئەلچىنىڭ كېلىش-كەلمەسلىكىنى چۈشتىكى بېشارەتلىك ئاملالار ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەلچىلەرنىڭ ئوبرازى ياخشى بولۇپلا قالماي، ئەدەبىياتتىكى سىمۋوللۇق مەنىلىرىدىمۇ ئەلچىلەر ياخشىلىق، ئېزگۈلۈكنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدىكى ئەلچىلىك ئادەتلىرى مۇنداق بىر قانچە باسقۇچلۇق جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### بىرىنچىدىن، ئەلچى (تاللاش) بېكىتىش

يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسىنى ئۇنىڭ يېقىن دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئۇققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوغلى ئۆزىگە لايىق كۆرگەن قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش-بەرمەسلىك ھەققىدە ئويلىنىدۇ.

ئائىلىدىكى چوڭلار، ئەر-ئايال، ئۇرۇق-تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى ماقۇل كۆرسە، قىز تەرەپكە ئەلچىلىككە كىمنى تاللاش، قاچان ئەۋەتىش، قانداق سوۋغاتلىقلارنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ماھىيەتتە ئەلچى ئوغۇل تەرەپنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە قىز تەرەپكە بارىدۇ. ئادەتتە ئەلچىلەرنىڭ تويلاشماقچى بولغان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك توي تەييارلىقلىرىنى ماسلاشتۇرۇش، كېلىشتۈرۈش ۋە تويىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك ئىجابىي رولى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزگە ناقىسلىقى، گەپ-سۆزنى قاملاشتۇرۇپ جايىدا قىلالماسلىقى بىلەن قۇدا بولۇش ئالدىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يىرىكلەشتۈرۈپ قويىدىغان، يامانلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ھەتتا بۇزۇپ قويىدىغان ئىشلارمۇ ئاندا-ساندا سادىر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا «تويىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە، بايىنىڭ غالچىسى بول»، «ئەلچى ئىش بۇزار»، «ياخشى يارغا ئەلچى كېرەك ئەمەس» دېگەندەك ئەلچىلەرنىڭ سەلبىي رولى ياكى بىھاجەتلىكى ھەققىدە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتىلغان ماقال-تەمسىللەرمۇ بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە «ئەخمەق ئەلچى ئىككى تەرەپنى بۇزار» دېگەن ماقال بار. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئەقىلسىز، يارىماس كىشىلەرنى ئەلچىلىككە سالغاندا مۇمكىنچىلىكى بار توي ئىشىمۇ بۇزۇلۇپ، ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا قىز تەرەپكە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىنى تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئادەتتە «ئەلچى كىرگۈزۈشتە تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. (1) باللىق بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئەلچى بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ. ناۋادا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە باللىق بولمىغان ئادەملەرنى ئەلچىلىككە سالسا، قىز تەرەپ بىزنى كۆزگە ئىلماپتۇ دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ ھەم خاپا بولىدۇ. (2) تۇل خوتۇننىڭ ئەلچى بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ ياكى ئەلچىلىككە يارىمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. (3) يۇرتتا ئاتىقى چىقىپ قالغان ئوغرى، قىمارۋاز، لۈكچەكلەر ئەلچى بولۇشقا يارىمايدۇ.» (ئەنۋەر مەتسەئىدى: «كېرىيەلىكلەرنىڭ ئۆزگىچە توي ئادەتلىرى»، «مىراس»، 2010-يىل 5-سان، 32-بەت) ئەلچىلىككە جەمەت ياكى مەھەللە-كويىدىكى گەپ-سۆزى جايىدا، يۈز-ئابرۇيلۇق، نوپۇزلۇق، ئىناۋەتلىك ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر تاللىنىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ئۆزى ئەلچى بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. لېكىن بۇنداق ئەھۋاللار يوق ھېسابىدا. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، «ئەلچىلەر يىگىتنىڭ ئانىسى، ھاممىسى، ئاچا-سىڭىللىرىدىن تەركىب تاپىدىغان، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا تويلىشىش مۇددىئاسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدىغان بولغان» (ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 174-بەت) ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچى تاللاشتىكى ئۆلچەملىرىدە بەلگىلىك پەرقلەر مەۋجۇت.

**ئىككىنچىدىن، ئەلچى ئەۋەتىش**

ئەلچى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ياخشى كۈن، ياخشى سائەت تاللاپ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋاقىتنى ياخشى پەيت ۋە يامان پەيت دەپ ئايرىيدىغان بولغاچقا چوڭ-كىچىك ئىشلارنى ياخشى ۋاقىت ۋە ياخشى سائەتلەرنى تاللاپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭلاشقا ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىككە بارىدىغان ۋاقتى ئۈچۈن خەيرلىك، ياخشى ۋاقىتلار تاللىنىدۇ.

**ئۈچىنچىدىن، ئەلچىلەر قىز تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەر**

ھەرقايسى يۇرت كىشىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتلىرى، قىممەت قارىشى، ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە-يوسۇنلىرىدا بەلگىلىك پەرقلەر مەۋجۇت، بۇ پەرق ئەلچىلەرنىڭ ئوغۇل تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە ئاساسلىق تىرىكچىلىك شەكىللىرى بولغان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق (يېزا ئىگىلىك) قاتارلىق ئىگىلىك شەكىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدىكى ئەلچىلىك ئادەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئەلچىلەرنىڭ قىز تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلىرىدە ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتكەندە «توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپ مۇناسىپ كۆرمىسە، قىز تەرەپ ئايرىم توققۇز دانە بالىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخاننى ياندۇرىدۇغان»

(ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 239 ـ بەت) ئادەتلەر بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلىك شەكلى ۋە ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ بارىدىغان ئادەتلەر ئەمەلدىن قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئەلچىنىڭ داستىخىنىغا يەتتە دانە ئەركەك چارۋىنىڭ (جەرەن، كېيىك، قوچقار قاتارلىق) كاللىسىنى پىشۇرۇپ، يۆگەپ، قىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدىغان (ئوغلىمىز چوڭ بولدى دېگەننى بىلدۈرىدۇ)، قىز تەرەپ ماقۇل كۆرسە، يەتتە چىشى چارۋىنىڭ كاللىسىنى پىشۇرۇپ يىگىتنىڭ داستىخىنىغا يۆگەپ بېرىدىغان، ناۋادا لايىق كۆرمىسە، قىزنىڭ بېشى باغلاقلىق بولسا، يەتتە ئەركەك چارۋىنىڭ كاللىسىنى پىشۇرۇپ داستىخانىغا يۆگەپ قايتۇرىدىغان ئادەتنى بەرپا قىلغان ھەم داۋاملاشتۇرغان (بۇ ئادەت لوپنۇردا مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان). بۇنىڭدىكى يەتتە مال كاللىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىسىدىكى خاسىيەتلىك يەتتە سانىنىڭ تويلىشىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈشكە قوللىنىلغانلىقىدۇر. ئۇنىڭدا ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشى چىقىش قىلىنغان. قىز تەرەپ تويلىشىشقا قوشۇلمىسا، يەتتە ئەركەك مالنىڭ كاللىسىنى پىشۇرۇپ داستىخانىغا يۆگەپ بېرىش (قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق) دېگەننى بىلدۈرۈش، يىگىت تەرەپتىن ئەپۇ سوراش ئۇسۇلى. بۇ يەردە ئىككى تەرەپنىڭ ھايا چۈشەنچىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەلچى ئەۋەتىش ئۇسۇلى ۋە جاۋاب قايتۇرۇش ئۇسۇلى ھەم ئاددىي، ھەم ئىنتايىن گۈزەل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، قەدىمىي نىكاھ ئادىتىدىكى مىللىي خاسلىق.» (ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 173 ـ ، 174 ـ بەتلەر) بىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن بۇ مىساللاردىكى ئەلچىلەرنىڭ قىز تەرەپكە توققۇز دانە بېلىق بېشى پىشۇرۇپ بارىدىغان ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوۋچىلىق (بېلىقچىلىق) ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەتتە دانە ئەركەك مالنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ ئېلىپ بېرىش ئادىتى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىگىلىككە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئەلچىلەرنىڭ ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلىرى دېھقانچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسىلەرگە مەركەزلەشكەن. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، نان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىككە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەر ئەلچىلىككە بارغاندا داستىخانغا نان، تاتلىق ـ تۈرۈم... قاتارلىق نەرسىلەرنى يۆگەپ بارىدىغان بولغان. مەيلى قايسى خىل ئىگىلىك شەكلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەلچىلىككە شۇ زاماندا كىشىلەر قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق، قەدىر ـ ئېتىبارى چوڭ، دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشقان. بەزى ئەھۋاللاردا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ ئەلچىلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ مېھماندارچىلىق، ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىدا قانداق ئىكەنلىكىگە باھا بېرىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان. قىسقىسى، ئەلچىلەرنىڭ قىز تەرەپكە تۇنجى قېتىم بارغاندا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلىرىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

### تۆتىنچىدىن، ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش

قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى — ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىشىدىن قەتئىينەزەر — ئوبدان داستىخان قىلىپ، ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈش نىيىتى بار بولسىمۇ، تۇنجى قېتىمدىلا «ماقۇل !» جاۋابىنى بېرىۋەتمەستىن، «ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئاندىن جاۋابىنى بېرەيلى!» ياكى «قىزىمىزنىڭ مەيلىنى سوراپ باقايلى!» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردا «قۇدا كەلدى خۇدا كەلدى» دەيدىغان ماقال بار. ئەلچى قۇدىلاشماقچى بولغان ئوغۇل تەرەپنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بولغانلىقتىن قىز تەرەپ ئەلچىلەرگە قۇدىلاشماقچى بولغانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. قىسقىسى، قانداق كىشىلەرنىڭ ئەلچىلىككە تاللىنىدىغانلىقى، ئەلچىلەرنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرىدىكى رولى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە، قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




## مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار

ئىلاۋە:

تېكستكە كىرىشتىن بۇرۇن مۇنازىرە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئۇقۇم، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

مۇنازىرە — شېئىرىي سەنئەتنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇنىڭدا يۇمۇرىستىك ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسىم خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئىپادىلەش شەكلىدۇر①.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قارايدىغان بولساق مۇنازىرە شەكلىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئەڭ بۇرۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت»نى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭغا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە «مايتىرى سىمىت»نى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى خۇلاسىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «مايتىرى سىمىت» تىياتىر ئەسىرى بولۇپ ئۇ 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر كۆرۈنۈش كونكرېت پېرسوناژ ئوبرازى ۋە بۇ پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگلاردىن تەركىب تاپقان»②. يۇمۇرىستىك شەكلىدە يېزىلغان مۇنازىرە شەكلى ئەڭ دەسلەپتە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»كە بېرىلگەن «ياز ۋە قىش مۇنازىرىسى» دېگەن شېئىرىي پارچىسىدۇر③. «دىۋان» بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىمۇ مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ④. ئۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ 15-ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەخمەدىنىڭ «سازلار مۇنازىرىسى»، ئەمىرىنىڭ «نەشە بىلەن ھاراق»، يەقىنىنىڭ «ئوق بىلەن يا مۇنازىرىسى»، فۇزۇلىنىڭ «چاي بىلەن كۆكنار» قاتارلىق مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلىرى ھەجىم ۋە شەكىل جەھەتتىن

كېچىپسپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى⑤.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مۇنازىرە شەكلى ئەسلىي ئىجادىيەتتىن تەرجىمە ياكى ئۆزلەشتۈرمە ھالەتكە ئۆتۈپ بىر تۈركۈم نادىر مۇنازىرە ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، 1775 ـ يىلى ئىبراھىم يۇسۇپ خوتەنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان فەرىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ۋە 1843 ـ يىلى قەشقەرلىك ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى نەسرىي شەكلىدە ئۆزلەشتۈرگەن نەۋايىنىڭ «لىسانۇتتەيىر»دۇر.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مۇنازىرە شەكلى مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىشىپ، تىلى يۇمۇرىستىك ھەم ساتىرىك، قاراتمىلىقى دەل ھەم كۈچلۈك شەكىلدىكى بىر تۈركۈم ئەسەرلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭدا شائىر خىسلەتنىڭ «مۇشۇك بىلەن چاشقان مۇنازىرىسى»، موللا نىيازنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ۋە «تائاملار مۇنازىرىسى»، غەرىبنىڭ «كىتابى غەرب»كە كىرگۈزۈلگەن «ھۈنەرلەر مۇنازىرىسى»، شۇنداقلا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلى داموللانىڭ «ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى» ۋە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى». يەنە بىر نامەلۇم ئاپتور يازغان نەسرىي شەكىلدىكى «تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە»، «تائاملار مۇنازىرىسى» قاتارلىق مۇنازىرە شەكلىگە تەۋە ئەدەبىياتلار بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە شەكلى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپتە مەشھۇر ئالىم گۇننار ياررىڭ تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئۇ ئۆزىنىڭ 1929 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلغىچە قەشقەردە تۇرۇش جەريانىدا يىغقان ماتېرىياللىرى ئىچىدىن مۇنازىرە شەكلىگە تەۋە بىر قانچە تېكىستلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1936 ـ يىلى⑥، 1981 ـ يىلى⑦ ۋە 1991 ـ يىلى⑧ ئېلان قىلغان ھەمدە «تۈركىي ئەدەبىياتتا مۇنازىرە شەكلى»⑨ دېگەن نامدا مەخسۇس تەتقىقات ماقالىسى يازغان.

قولىمىزدىكى مۇنازىرە ئەدەبىياتىغا تەۋە بۇ پارچىلار گۇننار ياررىڭ نامىدىكى «ياررىڭ يىغمىلىرى»دا ساقلىنىۋاتقان ۋە بىر قىسمىلىرى گۇننار ياررىڭ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان تېكىستلەردۇر. بۇلار نەزمىي شەكىلدىكى «ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى» (ئىككى خىل ۋارىيانتى يەنى قەشقەر ۋە خوتەن ۋارىيانتى)، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» (ئىككى خىل ۋارىيانت) ۋە نەسرىي شەكىلدىكى «تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە»، «تائاملار مۇنازىرىسى»دىن ئىبارەت تۆت پارچە تېكىستتۇر.

بۇ تېكىستلەردىن «ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى»نى گۇننار ياررىڭ 1981 ـ يىلى شۋېتسىيەدە «شەرقىي تۈركچە مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار»⑩ نامدا ئېلان قىلغان.

گۇننار ياررىڭ «ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى» ناملىق تېكىست ھەققىدىكى تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مۇنازىرىنىڭ خوتەن ۋارىيانتى ۋە قەشقەر ۋارىيانتىدىن ئىبارەت ئىككى شەكلى بولۇپ، بۇ تېكىستتىن قەشقەر ۋارىيانتىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، يەنى 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلى داموللا قەشقەردە دىن تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان گۇستاف رەكۆتتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يازغان، بۇ تېكىستنىڭ فورماتى 22×35 سانتىمېتىر بولۇپ، سارغۇچ رۇس قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن⑪.

مەزكۇر «مۇنازىرە»نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىنى سىگفرىد مۇئېن⑫ خوتەندە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە خاتىرىلىگەن ھەمدە بۇنىڭغا «تۆگەنىڭ ئوقۇغان بېيىتى» دەپ ماۋزۇ قويغان، تېكىست قويۇق خوتەن شۋېسىدە خاتىرىلەنگەن بولغاچقا خوتەن ۋارىيانتى دەپ ئاتالغان.

«مېۋىلەر مۇنازىرىسى»نى گۇننار ياررىڭ 1929 ـ يىلى قەشقەردىن سېتىۋالغان⑬. بۇ كىچىك كىتابچە شەكىلدە بولۇپ، فورماتى 18×10 سانتىمېتىر. بەت سانى 12 بەت. رۇس قەغىزىگە خېتى سۇلۇس نۇسخىدا كۆچۈرۈلگەن، شۇنداقلا تاش راۋىقىغا «مېۋە جەڭ كىتاب» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مۇنازىرە كىتابىنىڭ ئەسلىي ئىگىسى ۋە كېيىن قولغا چۈشۈرگەن كىشى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلارمۇ ئۇچرايدۇ: «ئۇشبۇ مېۋە جەڭ كىتاب سېتىۋالدى ھاجىمنىڭ ئىبنى شەرىئا ئاخۇندىنىڭ»، «ئۇشبۇ كىتابنى ناسىر ئاخۇند زۇلقەددىنىڭ تۆرتىدە قولغا تۇشتى ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب، ئۆز قەلەمىم بىلە، ھەر كىشى مېنىڭ دىسە ئاغزى مۇتلەق قۇرۇلار».

«تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە» ناملىق بۇ تېكىست لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى «ياررىڭ يىغ-ملىرى» مەركىزىدە 56-نومۇردا ساقلانغان. فورماتى 15× 26.5 سانتىمېتىر، سەككىز بەت، خوتەن قەغىزىگە كۆچۈ-رۈلگەن، بۇ تېكىستنى 1930-يىلى رىۋ گۇستاف ئالبىرت قولغا چۈشۈرگەن ۋە كېيىن ئۇنى گۇننار ياررىڭغا بەرگەن ⑭.

«تائاملار مۇنازىرىسى» ناملىق بۇ مۇنازىرە لۇند ئۇ-نىۋېرستېتى كۇتۇپخانىسى «ياررىك يىغملىرى» مەركىزىدە 302-نومۇردا ساقلانغان، بەك كونىراپ كەتكەنلىكتىن بېشى-دىكى بەتلىرىنى ئوقۇش بىر قەدەر قىيىن. بۇ 18×11 سانتى-مېتىر فورماتتىكى كىچىك كىتابچە بولۇپ، رۇس قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. كۆچۈرۈلگەن ياكى يېزىلغان ۋاقتى توغرۇ-لۇق ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. بۇ تېكىستنى گۇننار ياررىڭ 1929-يىلى 10-ئاينىڭ 4-كۈنى قەشقەردە قولغا چۈشۈرگەن⑮.

بۇ تېكىستلەرنىڭ ھەجمى قىسقا بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى، تىلى، فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەتتە گۇننار ياررىڭ نەشرگە تەييارلىغان كىتابقا بېرىلگەن مەتن ئاساسىدا ئوقۇل-غىلاندى ھەمدە بىر قىسىم كەسپىي ئاتالغۇلار، قەدىمكى ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرگە مۇۋاپىق ئىزاھ بېرىلىپ نەشرگە تەييارلاندى.

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

**ئات بىرلە تىۋەنىڭ سۆزلەشكەنى**






A. قەشقەر ۋارىيانتى⑯

بىركۈنى ھەزرەت سۇلايمانى⑰،
يىغىلىپ؛ جەمئى بولدى پارچە ھەيۋانى.
ئۇل كۈنى بولدى بىر ئەجايىپ جەڭ،
سۆزلەشىپ تۇرفە ھايى⑱ رەڭگارەڭ.
تۆگە دېدى ئەي ئات كۈنى قاق،
بۇگۈن مېنىڭ شائنەئى شەۋكەتىمگە ⑲ باق.
ھەرقاچان چوڭ تۇرۇرمەن سەندىن،
يۇقارى ئولتۇرماقلىق نە ھەد ⑳ مەندىن.

فەرق قىلماس سېنى پادىشاھى قۇۋۋەت،
ئاتقۇچى (21) يا پاتاچى (22) ۋە يا تورغا (23).
ھەر كىشى ئۇرسالار ئۇچاڭغا تاياق،
چاپاسەن رۇم (24) ئىلە شامۇ (25) ئىراق.
سېنى مىنەدۇر قويچىلار بىرلە ئەلگەكچى،
ھەر قەدەمدە ئۇرادۇر ئۇچاڭغا ئون قامچى.
قىرىغاندا سېنى ئەھل پاقمايدۇر،
بىر مىنىپ باقاي دېسە بىر نېمەسنى ئۇچاڭغا ياقمايدۇر.
ئىگەرىڭنى يۇدۇپ يۈرۈرسەن ئىگەرچمۇ ئىدىڭ،
ئول نېمەڭ قاپقارادۇر كۆمۈچمۇ (26) ئىدىڭ .
سۈرەتىڭدۇر ۋەلى مەسلى (27) ئىشەك،
كۆشەمەيدۇرسەن كۆشەڭدە باردۇر شەك،
قىرىغاندا ئالادۇر سېنى ئابدال.
كۆپ جافا بىلەن ئۇچاڭغا ئۇرادۇر دۇمبال،
خورجىن (28) ئارتىپ مىنەدۇر سېنى قەلەندەرلەر.
يورغۇلاپ ماڭماقىڭنى خىتاي دەرلەر.
بېدىكلار (29) باقادۇر تىشىڭنى (30) ئاچىپ.
ئالماسا يۈرۈرسەن يوتاڭغا چېچىپ.
تۆگە قىلدى ئۆزىنى كۆپ ئەترىق (31).
باشقالاردىن ئۆزىنى ئايرىپ.
مەندۇرمەن بۇجەھاندا ھەر شاھى،
بىقۇسۇر (32) ۋە چىرايلىق ۋە ماھى (33).
كۈچۈم باردۇر رۇستەمى داستاندەك (34).
تاققۇ تۇرۇقۇم (35) سام (36) ۋە نەرىماندەك (37).
بىر ئاتىم تېۋەدۇر (38) يەنە بىرى ئۇشتۇر (39).
شۆھرەتىم خەلقئارا ئېمەس مەستۇر.
خۇش چىرايلىقدۇر مېنىڭ ماڭىش تۇرۇشۇم،
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۈكان قۇرۇشۇم.
مەست بولسام بىلمەنى مۈكچەيتىپ،
غەزەل ئوقۇيمەن كۆزلەرىم چاكچايتىپ.
قىز جۇۋانلار ماڭا نەزارە قىلۇر (40)،
مېنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ يۈرەكىنى سەد پارە (41) قىلۇر.
نۇر ئۈلەشتۇرگەندە مەن تولا ئالغان،
بارچەلارغا كەلمەي ھالىڭ باقىپ قالغان.
ئەمدى تۆگە قىلدى تەئرىق ئايتىپ،
نەۋبەتى (42) كەلدى ئەمدى ئاتغا ئايتىپ.
ئات دېدىكى ئەمدى سۆزەمنى قىلاي،
يەنەمۇ سۆزەڭ قالدىمۇ ئاڭلاي.

ئەترىق ئەتتىڭ ئۆزەڭنى دوكى ماڭلاي (43)،
مانا ئەمدى تەئرىق ئايتىپ ئۆزۈم ئاڭلاي.
بەھەياسەن (44) قارا يۈز خۇدا ئۇرغان،
تەڭرىنىڭ دۇشمەنى لەبى چاك ئۇرغان.
يېپىشلىق پىچانۇ (45) يا يانتاق،
تۇفراقلىق خىتايۇ قالماق.
چابەدارلار (46) سېنى ئوتانغا سالۇر،
ماڭماسالىڭ پالتۇ (47) بىرلە پۇتاڭغا (48) سالۇر.
يۆتەلەيدۇر سېنى چارۇق (49) باغىدا،
ۋاقىرايسەن يەنە ئۇرار چاغىدا.
سەندە كۆچ بار ئەقل بىرلە دانىش (50) يوق،
قورساقىڭدا باردۇر ئون ئالتە زەمبىل پوق.
ئۇسساغاندا قاتىپ قالۇر ماياقلىڭ،
كۈندە باردۇر ساڭا يىگىرمە بەش تاياقلىڭ،
كاجلىقىڭدىن سىيەرسەن ئارقاڭغا.
قالدى مىراس سېنىڭ بالا بارقاڭغا (51)،
تەڭرى تائالا سېنى مال دەپ ياراتقان ئېمەس،
بەدمۇقامدۇر (52) دە سۈپەت قىلغان ئېمەس.
كوچالاردا سېنى بالالار قوغلار،
خادا بىرلەن چوقالارىڭغا ئۇرۇپ ئوڭلار.
يۈك قويارلار ئۇچاڭغا بەسى(53) ئاغىر (54) ئاغىر،
كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن قىلۇرلار يىغىر.
تەڭرى تائالا بىزلەرنى ئەزىز ياراتقاندۇر،
پادشاھ بەگلەرگە تاراتقاندۇر.
ياراتىپدۇر تۇھفە قىلىندى پادىشاھلارغا،
بەرمەدى فەقىر مىسكىن گەدالارغا.
ئارغىماق كەلسە ئەگەر دىيارلارغا،
كىم يېتەر قەدر قىممەت باھالارغا.
مۇرتەئزاغا (55) بولۇپ ئېدىم دۇلدۇل،
مۇرەككەپ ئارادۇر مەن غۇنچە مانەندە گۇل (56).

B. خوتەن ۋارىيانتى

تۆگەنىڭ ئوقۇغان بېيتى

تۆگە (57)

تۇرۇقۇم باردۇر بىر ئىگىز تاغدەك،
ئولتۇرۇپ قوپۇشۇم سىرىغ ياغدەك.
قىز ئوغۇللار ماڭا نىزارە قىلۇر (58)،
مېنىڭ ئۈچۈن يۈرەكلەرنى پارە قىلۇر.
خوش ئەجايىپ تۇرۇر مېنىڭ ماڭىش تۇرۇشۇم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۈكان قۇرۇشۇم.
ئات
كالپۇكۇڭ باردۇر بىر يېرىم چارەك،
قۇيرۇقۇڭ باردۇر تۆرت ئىلىگ چارەك.
ئوتتۇنچىلار سەنىنى ⑤⑨ ئوتانغا سالۇر،
ماڭماساڭ پالدۇ ⑥⓪ بىلەن لوتاڭغا ⑥① سالۇر.
ئۇسسۇلۇقتىن قۇرۇپ قالۇر مايىقىڭ،
كۈندە باردۇر لوتاڭغا بەش تاياقىڭ.
تۆگە
سەنىنى مىنەر ئەلگەكچى بىلەن قەلەندەرلەر،
ماڭماساڭ بازارغا سېلىپ ساتاي دەرلەر.
ئىگەرىڭنى يۇدۇپ تۇرۇپ سەن ئىگەرچىمىدىڭ،
تاشلىقىڭ قارا تۇرادۇر كۆمۈرچىمىدىڭ.

ئىزاھلار:

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە ژانىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1997-يىلى 2-سان (خەنزۇچە)، 11-بەت، ② ئىسرائىل يۇسۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىقلار رەتلىگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايتىرى سىمىت›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى ③ «دىۋاندا» بۇ شېئىر مۇنداق كەلگەن: «ياز قىش بىلەن قېرىشتى، ئەردەم ياسىنى قۇرۇشتى.. چېرىك تۇتۇپ كۆرەشتى، ئوقلاشقىلى تاس قالدى»، مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى، (ئۇيغۇرچە نەشرى)، 474-بەت، ④ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە ژانىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1997-يىلى، 2-سان (خەنزۇچە)، 11-بەت، ⑤ گۇننار ياررىڭ: «تۈركىي ئەدەبىياتتا مۇنازىرە شەكلى»، «شەرقىي تۈركچە مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ماقالە، لۇند (شىۋېتسىيە) 1981-يىلى، (ئىنگلىزچە نەشرى)، 6-بەت، ⑥ گۇننار ياررىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى — شەرقىي تۈركچە مەسەل»، لۇند (شىۋېتسىيە)، 1936-يىلى، (ئىنگلىزچە نەشرى)، ⑦ گۇننار ياررىڭ: «شەرقىي تۈركچە مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار»، لۇند (شىۋېتسىيە) 1981-يىلى، (ئىنگلىزچە نەشرى)، ⑧ گۇننار ياررىڭ: «ئوغرىسىز شەھەر ۋە تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە — تۈركىيچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، (شىۋېتسىيە- ستوكھولم)، 1991-يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، ⑨ گۇننار ياررىڭ: «تۈركىي ئەدەبىياتتا مۇنازىرە شەكلى»، «شەرقىي تۈركچە مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ماقالە، لۇند (شىۋېتسىيە) 1981-يىلى، ⑩ گۇننار ياررىڭ: «شەرقىي تۈركچە مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار»، لۇند (شىۋېتسىيە) 1981-يىلى، (ئىنگلىزچە نەشرى)، ⑪ گۇننار ياررىڭ: «شەرقىي تۈركچە مۇنازىرە ئەدەبىياتىدىن پارچىلار»، لۇند (شىۋېتسىيە) 1981-يىلى)، ئىنگلىزچە نەشرى)، ⑫ گۇننار ياررىڭ: «مۇئىن يىغملىرى ھەققىدە»، لۇند (شىۋېتسىيە)، 1985-يىلى، 7-بەت، ⑬ گۇننار ياررىڭ: «مېۋىلەر مۇنازىرىسى — شەرقىي تۈركچە مەسەل»، لۇند شىۋېتسىيە)، 1936-يىلى، (ئىنگلىزچە نەشرى). 3-بەت، ⑭ گۇننار ياررىڭ: «ئوغرىسىز شەھەر ۋە تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە — تۈركىيچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (شىۋېتسىيە- ستوكھولم)، 1991-يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، 30-بەت، ⑮ گۇننار ياررىڭ: «ئوغرىسىز شەھەر ۋە تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە — تۈركىيچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (شىۋېتسىيە- ستوكھولم)، 1991-يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، 30-بەت، ⑯ قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلى داموللا يازغان ئەسلىي نۇسخا، ⑰ سۇلايمان پەيغەمبەر، ⑱ ئاجايىپ، ئاجايىپ شەكىلدە، ⑲ شانۇشەۋكەت، ⑳ نېمە ھەددى، ㉑ پاختا ياكى يۇڭ ئاتقۇچى، ㉒ پادىچى، چوپان، ㉓ تۆرە ياكى تۆرەم، ㉔ قەدىمكى رىم، ㉕ بۇگۈنكى سۇرىيە، ㉖ كۆمۈرچى، ㉗ ئوخشاش، ㉘ خۇرجۇن، ㉙ چارۋامال سوددىسى كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى، ㉚ چىش، ㉛ تەرىپ، ㉜ قۇسۇرسىز، نۇقسانسىز، ㉝ ئايدەك، ئايغا ئوخشاش، ㉞ شاھنامە»دىكى پېرسوناژ، ئىران شاھلىرىدىن بىرى، ㉟ تەقى تۇرق، ㊱ «شاھنامە»دىكى پېرسوناژ قەھرىمانىنىڭ ئوغلى. «شاھنامە»دىكى پېرسوناژ، پارس قەھرىمانىنىڭ ئىسمى، ㊲ تۆگە، ㊳ پارسچە سۆز بولۇپ «شۇتۇر»مۇ دەيدۇ، ئادەتتە تۆگىنى كۆرسىتىدۇ، ㊴ كۆز تاشلاش، نەزەر ئاغدۇرۇش، ㊵ يۈز پارچە. پارچە- پارچە، ㊶ نۆۋەت، ㊷ دوقا ماڭلاي، ㊸ ھاياسىز، ㊹ تۆگە يەيدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ㊺ تۆگە تارتقۇچى، تۆگە ھەيدەيدىغان كىشى، تۆگىچى، ㊻ پالتا، ㊼ پۇت، ㊽ چورۇق، ㊾ بىلىم، مەرىپەت، ㊿ بالىۋاقا، بىر ئائىلىدىكى چوڭ- كىچىك ھەممە بالىلار، 51 بەتمۇقام، قائىدە- يوسۇن بىلمەيدىغان، تەرتىپسىز، ئەدەبىسىز، قوپال، 52 ئىنتايىن، 53 ئېغىر، 54 ئەلى، 55 گۆلگە ئوخشاش، 56 مۇئىن توپلىغان خوتەندىن توپلىغان خوتەن ۋارىيانتى، 57 تۆگە، 58 كۆز تاشلار. 59 سېنى، 60 پالتا، 61 يوتا.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ**
(جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خادىمى)





ئابلىز ئابدۇللا 1976-يىلىدىن باشلاپ فوتو سۈرەتچىلىك كەسپى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى.

1980-يىلى ش ئۇ ئا ر فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە، 1989-يىلى دائىمىي ھەيئەتلىكىگە، 1996-يىلى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان.

جۇڭگو فوتو سۈرەتچىلىكنى كىتاب ئارقىلىق ئوقۇش ئىنستىتۇتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى. شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

3600 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ئەسىرى ھەرخىل كۆرگەزمە ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

52 پارچە فوتو سۈرەت ئەسىرى خەلقئارالىق، دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمە ۋە مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتلانغان.

يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

2007-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ، پىچان ناھىيەسىدە «ئانا يۇرت مۇھەببىتى» نامدا فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزگەن.





www.uyghurkitap.com



باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社
地址：(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话：(0991)4554017 传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60 广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001 定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552